ئۇچقۇنجان ئۆمەر

# ئۇيغۇر خەلق تارىخي قوشاقلىرى



## قامۇسى

شىنجاڭ ئۈنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت ياقۇپ
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: غالىپ شاھ

# ئۇيغۇر خەلق تارىخي قوشاقلىرى قامۇسى

تۈزگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر

---

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 14 ـ قورو، پوچتا نومۇرى: 830046)
شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880 م م 1/16 باسما تاۋىقى: 60
2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

---

ISBN 978-7-5631-2275-2
باھاسى: 160.00 يۈەن

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# نەشرىياتتىن

شائىر، ژۇرنالىست، فولكلور تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىي تەرجىمان ئۆچقۇنجان ئۆمەر 1945 ـ يىلى فېۋرالدا قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بازار ئىچى مەنگەن مەھەللىسىدە بىر ئوقۇمۇشلۇق خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1968 ـ يىلى «قەشقەر گېزىتى»دە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن 1981 ـ يىلىدىن باشلاپ سابىق «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا مۇئاۋىن باش مۇھەررىر، تەھرىر بۆلۈم مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 2005 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

ئۆچقۇنجان ئۆمەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىدا باشلانغان. 1957 ـ يىلى ئۇنىڭ «گۈلدەستە» ناملىق تۇنجى شېئىرى «شىنجاڭ پىئونېرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. يېرىم ئەسىردىن بۇيان، ئۇ ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئىجادىيىتى، ناخشا تېكىست ئىجادىيىتى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇش، نەشر قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇيغۇر فولكلور تەتقىقاتى، ئەدەبىي ئوبزور، ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، تارىخ، سەنئەت، 12 مۇقام، مەدەنىيەت ـ مائارىپ، ئېتنوگرافىيە، قەدىمىي تارىخىي يادىكارلىقلار، تەزكىرە، ئۇيغۇر ژۇرنالچىلىقى قاتارلىق ساھەلەردە جاپالىق ئىزدىنىپ، مول نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. بۇ ئۇزۇن جەرياندا ھەر دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ، ھەر خىل تېما، شەكىلدە يېزىلغان 1000 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 10 پارچە داستان ـ باللادالىرى، 300 كۇپلېتتىن ئارتۇق رۇبائىيلىرى، 200 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا تېكىست، ئىلمىي ماقالە، ئوبزورلىرى، 130 پارچە تەھرىر ئىلاۋىسى، ئەدەبىي ئۆچۈرلىرى ۋە بىر قىسىم ھەر خىل ژانىردىكى تەرجىمە ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنغان؛ ئۇ توپلاپ رەتلىگەن 10 مىڭ كۇپلېتتىن ئارتۇق قوشاق، 380 خەلق ناخشىسى مەتبۇئاتلاردا بېسىلغان؛ ئۇنىڭ يەنە ئىلگىرى ـ ئاخىر ئۆزى ئىجاد قىلغان، توپلاپ رەتلىگەن، تۈزگەن، تەرجىمە قىلغان «پامىر ئىلھاملىرى» (تاجىك شائىرى مۇھەممەت روزىنىڭ شېئىرلار توپلىمى)، «ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» (1 ـ كىتاب)، «چەشمىلەر»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى»، «يۇمۇرلار»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (7 ـ قىسىم)، «خەزىنە»، «سالام يۇلتۇزلار»، «ئاھ يۇلتۇزلار»، «پەزىلەت ناخشىلىرى»، «مەرىپەت يۇلتۇزى» (داستان ـ باللادالار توپلىمى)، «بۇلبۇلگويا» (سۈرەتلىك كىتاب)، «ئاھ، نۇرلۇق ئابىدىلەر»، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» (2 ـ كىتاب)، «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى» (3 ـ كىتاب)، «فېتوفى شېئىرلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق توي مەرىكە قوشاقلىرى» قاتارلىق 18 پارچە كىتابى نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان؛ يەنە 10 پارچە كىتابى ھەرقايسى نەشرىياتلارغا يوللانغان؛ ئۇنىڭ بىر قىسىم داستانى، باللادا، ساتىرىك شېئىرلىرى، ناخشا تېكىستلىرى، ئىلمىي ماقالىلىرى، تەرجىمە ئەسەرلىرى ھەر دەرىجىلىك گېزىت ـ ژۇرنال، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان؛ بىر قىسىم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا ۋە چەت ئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان؛ نۇقتىلىق ھالدا 80 نەپەر داڭلىق تارىخىي شەخسلەرنى مەتبۇئاتلاردا خالىس تونۇشتۇرغان؛ ئۇ 35 يىللىق تەھرىرلىك ھاياتى، ئىجادىيەت ۋە تەتقىقاتىدىكى مول نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئارقىلىق دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، ئىنگلىزچە 30 نەچچە چوڭ قامۇسقا كىرگۈزۈلۈپ تونۇشتۇرۇلۇپ، جامائەتنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشكەن. 2005 ـ يىلى 8 ـ ئايدا ئۇ، دۇنيا ئىلىم ـ پەن، مائارىپ، مەدەنىيەت

تەشكىلاتىنىڭ مۇتەخەسسىس ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان. 2004 ـ يىلى «جۇڭگو ۋېنگرىيە خەلقلىرى دوستلۇقى تۆھپىكارى» ئوردېنىغا ئېرىشكەن.

ئۇچقۇنجان ئۆمەر ھازىر جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ ئىجرائىيە ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو شەرق مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا تەتقىقات جەمئىيىتى، 12 مۇقام تەتقىقات جەمئىيىتى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات جەمئىيىتى قاتارلىق ئون نەچچە ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى. ئۇ، قەشقەر ۋىلايەتلىك شېئىرىيەت جەمئىيىتى، خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

# مۇئەللىپتىن بىرنەچچە كەلىمە سۆز

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا، مول مەدەنىيەتكە، قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ پارلاق تارىخ ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە بىرلىككە كەلگەن دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە، ئۇيغۇر خەلقىمۇ باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا، تۇرلۇك تارىخىي دەۋرلەردە، نۇرغۇن جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ مول مەدەنىيەت، تارىخ خەزىنىسىنى بېيىتىشقا كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان. ئاشۇنداق تۆھپىلەرنىڭ بىرى — ئۇيغۇر فولكلورىدۇر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدۇر.

ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى — ئەمگەكچان، باتۇر، ئىجادچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كوللېكتىپ ئىجاد قىلغان، ئېغىزدىن - ئېغىزغا، ئەۋلادقا، زاماندىن - زامانغا كۆچۈپ، ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن قوشاقلىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك كونكرېت ۋەقە، كونكرېت ئۆرپ - ئادەت، كونكرېت ھادىسە، كونكرېت غەلىبە - مۇۋەپپەقىيەت، كونكرېت تراگېدىيە ۋە ئاتاقلىق تارىخىي شەخسلەرگە بېغىشلانغان قوشاقلاردۇر. ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئۇيغۇر مىللىي روھىنىڭ ئەنئەنىسى ھەم ئىزچىللىقى دېمەكتۇر. ئۇ لىرىكىنىڭ ئەڭ ساپ، ئەڭ يېنىك، ئەڭ گۈزەل، ئەڭ يارقىن شەكىللىرى ئارقىلىق بايان قىلىنغان بەدىئىي تارىختۇر، ياكى ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك شاھىتى - گۇۋاھچىسىدۇر. شۇڭا، بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى، ئاۋام مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر 12 مۇقامىنى، ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى، ئەنئەنە ۋە زامانىۋى مەدەنىيەتنى ئۆگىنىشتىلا ئەمەس، بەلكى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق، شانلىق بىر پۈتۈن تارىخىنى چۈشىنىش، تەتقىق قىلىشتىمۇ كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پۈتمەس - تۈگىمەس بىر خەزىنە. بۇ خەزىنە ئىچىدە مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى تېخىمۇ جەلپكار ئېسىل بايلىق. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 60 يىلدىن بۇيان، بۇ ساھەدىكى قېزىپ توپلاش - رەتلەش، شەرھىيسىنى ئىشلەش، نەشرگە تەييارلاش قاتارلىق ئىشلاردا ئالەمشۇمۇل نەتىجە - مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ھەممىسى تولۇق تاماملاندى دېيىشكە ئاجىزمىز. قوشاقلار تەتقىقاتى جەھەتتە ئېلىپ بېرىلغان بۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلار ۋە ئوتتۇرىغا چىققان ئىنچىكە، نازۇك، مۇھىم ماتېرىياللار ۋاقىت جەھەتتە ناھايىتى ئۇزۇنغا سوزۇلغانلىقى ئۈچۈن، ماتېرىيال مەنبەسى تارقاق، نازۇك تەرەپلەرگە چېتىلىشچانلىقى كۆپ، رەتلىنىپ ئىلمىي سىستېمىغا سېلىنىشى ۋە بىر رامكا ئاستىدا مۇجەسسەم قىلىنىشى ئاجىز بولدى. بۇ خىل كونكرېت ئەھۋال مەزكۇر ماتېرىياللارنى مەزمۇنى، تۈرى، شەكلى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، ئەھمىيىتى، قىممىتى ۋە خەلقئارا تەسىرى بويىچە سامان ئىچىدىن دان تاللىۋالغاندەك، قۇم ئىچىدىن ئالتۇن تاسقىغاندەك روھ بىلەن ئىشلەپ، مۇئەييەن قوشاقلار كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈپ، مۇئەييەن سىستېما - تۈرگە ئايرىپ، كەم يەرلىرىنى قايتىدىن تولۇقلاپ، نۇقسانلىرىنى تۈزىتىپ، ئۆلچەملەشكەن بىر پۈتۈن تارىخىي قوشاقلار قامۇسى قىلىپ ئىشلەپ، كەڭ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش تەقەززاسىنى تۇغدۇرغانىدى. مانا مۇشۇنداق زۆرۈرىيەت ئاستىدا كەمىنە مۇشۇنداق چوڭ ئىشقا بەل باغلاپ قالدىم. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، مەن يېرىم ئەسىردىن بۇيانقى فولكلور تەتقىقاتىم ۋە ئىجابىي، سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاق-

لىرىمغا ئاساسەن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىكنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، ئۆزۈم بىۋاستە يېقىن مۇناسىۋەت
قىلغان مەرھۇم ئەھمەد زىيائىي، ئىمىر ھۈسەيىن قازىھاجىم، سەيپىدىن ئەزىزى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، ئاب -
دۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇكېرىم خوجا، ساۋدانوپ زاھىر، ئەلقەم ئەختەم، سەي -
پۇللايوپ، ئابلىز نازىرى، قۇربان ئىمىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، خەمىت تۆمۈر، ھاجى نۇرھاجى،
ھامىت مەھمۇدى، شەرىپىدىن ئۆمەر، ئابدۇرېشىت ئىسلامى، ئىبراھىم نىياز، تېيىپجان ھادى، تۇردى
سامساق، ئەرشىدىن تاتلىق، نۇر مۇھەممەت ئەركى، ئابدۇللا تالىپ، پەتتارجان مۇھەممىدى، ئابدۇرېھىم ھە -
بىبۇللا، مەتىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەتئېلى ھاۋازى، ئەيسا شاكىر، تۇرسۇن زىرىدىن، مۇھەممەتئىمىن قۇر -
بانى (ئىشقى)، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، ئارسلان، مەخمۇتجان ئىسلام قاتارلىق ئۇستاز ئەدىبلەرنىڭ ھايات
ۋاقتىدا شەخسەن ئۆزى ماڭا تاپىلىغان قىممەتلىك گەپ - سۆزلىرى، تەلىمىي سۆھبەتلىرى، ئۈمىدى،
تەۋسىيەلىرىنىڭ قايتىدىن سەگىتىشى ۋە نۇرلاندۇرۇشى بىلەن؛ ئىبراھىم مۇتئىي، ئابدۇشۈكۈر تۇردى،
مىرسۇلتان ئوسمانوف، مۇھەممەت ئوسمان ھاجىم، غەنىزات غەيۇرانى، مەخمۇت زەئىدى، مۇھەممەت رە -
ھىم، ئابدۇكېرىم رەھمان، مۇھەممەت زۇنۇن، ئابلىمىت سادىق، قۇربان بارات، ھاجى ئەھمەت كولتېگىن،
بوغدا ئابدۇللا، ئابدۇللا ئەھمىدى تەھۇر، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، مۇھەممەتجان راشىدىن، مەت -
قۇربان ئىسمائىل، سەمەت دۇگايلى، ئېلى ئىسمايىل، ئابدۇسەمەت خېلىل، مويدىن سايىت، ئابلىز ئىسما -
يىل، سەلەي قاسىم، تۇنىياز مەتنىياز، ئۆمەر ئوسمان شىپاھى، ئابلىز ئۆمەرھاجى، مەتقاسىم ئابدۇراخمان،
مۇھەممەت شانىياز، جاپپار رەھىم، مەتىمىن قۇربان، ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى، غەيرەتجان ئوس -
مان، ئوسمان ئىسمايىل تارىم، ئابدۇرېشىت ئىبراھىم، قادىر ھەمدۇللا، بەكرى ئىسمائىل، مۇتەللىپ پال -
تاھاجى، ئابدۇساتتار ناسىرى، ئابلىمىت ئىمىن ئاقتۇ، ياسىن زىلال قاتارلىق ئۇيغۇر فولكلورى بىلەن ئۇ -
زۇن مۇددەت ئىزچىل شۇغۇللانغان مۇتەخەسسىس، كەسىپداشلارنىڭ ئىلھام، مەدەت بېرىشى ۋە ئۆز جايلىد -
رىدا تۇرۇپ كېرەكلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ، ھەمكارلىششى نەتىجىسىدە ئاخىرى بۇ يېڭى، جاپا -
لىق ئىلمىي ئەمگەكنى رويابقا چىقاردىم. بۇ كىتاب مېنىڭ يېرىم ئەسىردىن بۇيان ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ
ئۆگەنگەنلىكىم ۋە ئۈزلۈكسىز ئىزدەنگەنلىكىمنىڭ مەھسۇلىدۇر. بۇ كىتاب ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ سۇن -
ماس قانىتى بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرى تۈرى بويىچە ئېلىپ
بېرىلىۋاتقان ئېسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش، يورۇقلۇققا چىقىرىش، ۋارىسلىق قىلىش،
قوغداش، پۈتكۈل دۇنياغا تونۇتۇش خىزمىتىدە ۋە ئىلىم - پەن تەتقىقاتى جەھەتتە كەڭ جامائەتنىڭ ۋە
زاماندىشلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ قارايمەن. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن،
مەن ئۇزۇن يىللار بۇ كىتابنى ئىشلەش جەريانىدا دۇچ كەلگەن ۋە ھېس قىلغان تۆۋەندىكىدەك بىر قىسىم
مەسىلىلەرنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتىمەن:

1. بۇندىن 30 يىل بۇرۇن يەنى 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا مەن توپلاپ رەتلىگەن «ئۇيغۇر خەلق
تارىخىي قوشاقلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى» (7 - قىسىم)، «ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى» ناملىق
كىتابلار ھەر قايىسى نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، كەڭ جامائەتنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ئېرىشكە -
نىدى. لېكىن، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» ئەمدىلا تارمار قىلىنغان، ئىدىيە ئازادلىقى تولۇق يولغا
قويۇلمىغان ئەنە شۇ ئۆتكۈنچى شارائىتتا، سىياسىي ۋە تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەن تەييارلىغان خې -
لى زور بىر قىسىم تارىخىي قوشاقلار بۇ توپلاملارغا كىرگۈزۈلمەي قالدۇرۇپ قويۇلغان، بىر قىسىملىرى
باشقىلارنىڭ «دۈملەپ» قايتا «دورا» سېلىپ، ئىش قوشۇشى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ «خېمىرتۇرۇچ»ىغا ئاي -
لىنىپ قالغان. ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى بۇ تولۇق نۇسخىسىنى ئىشلەش جەريانىدا قال -
دۇرۇۋېتىلگەن ئاشۇ قوشاقلار كىتابقا كىرگۈزۈلۈپ، تېما دائىرىسى قايتا تولۇقلاندى ھەمدە بۇ ئەجىر -

ئەمگەك ئاخىر ئۆز ئىگىسىنى تاپتى.

ئوقۇرمەنلەرگە سۇنۇلۇۋاتقان بۇ تولۇق نۇسخا 4 بۆلۈم، 14 قىسىم، 300 گە يېقىن تېما (باب) دىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بولغان بارلىق تارىخىي خاراكتېر ئالغان قوشاقلار تاللاپ كىرگۈزۈلدى. شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ بىر قەدەر تولۇق، مۇكەممەل نۇسخىسىنىڭ 60 يىلدىن كېيىن جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشۈشىگە يول ئېچىلدى. كىتاب ھەجمى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قىستۇرما رەسىملەرنى قوشۇشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ چۈشىنىشىنى سورايمەن.

2. بۇ قامۇستا باشتىن ـ ئاخىر ماركسىزم ـ لېنىنىزملىق ئىلمىي پوزىتسىيە ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە، سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى ئارقىلىق شۇ دەۋردىكى شۇ تارىخىي تېمىنىڭ شۇ جەمئىيەتتە قايسى سىنىپ، قايسى تەبىقىنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيىۋى قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكىگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىلدى. شۇ تېمىنىڭ ئۆز زامانىسىدا قانداق ئەھمىيەتلىك بولغانلىقى، ھازىرقى جەمئىيەت ئۈچۈن قانچىلىك دەرىجىدە مۇھىم رولى ۋە ئىجتىمائىي قىممىتى بارلىقى پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرىلىپ، بىر تەرەپلىمىلىكنىڭ ئالدى ئېلىندى. ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى ۋە ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇرۇش غايىسى بىلەن چىڭ بىرىكتۈرۈشكە ئەجىر قىلىندى.

3. قەدىمكى ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرى مەزمۇن، شەكىل، ھەجىم جەھەتتىن قايتا تولۇقلىنىپ، تېما دائىرىسى كېڭەيتىلدى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، چاغاتاي تىلى، ئەرەب ـ پارس تىلى نۇسخىلىرىدىكى قوشاقلار تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان نۇسخىلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇلۇپ، قايتا تەرتىپكە تۇرغۇزۇلدى. ئىمىن تۇرسۇن، گېڭ شىمىن، شەرىپىدىن ئۆمەر، تۇرسۇن ئايۇپ، ئەسقەر ھۈسەيىن، قۇربان بارات، ۋاھىتجان غوپۇر قاتارلىق ئالىم، يازغۇچى، تەتقىقاتچىلىرىمىز تەرجىمە قىلىپ، تەييارلاپ ئېلان قىلغان نۇسخىلار ئاساسىي نۇسخا قىلىنىپ، باشقا نۇسخىلار بىلەن بىردەكلىك ساقلاندى.

4. قامۇسقا بىر قىسىم داڭلىق ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرى ۋە خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ بىر قىسىم تارىخىي قوشاقلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى (يازمىغانلار بۇنىڭ سىرتىدا). ئۇيغۇر خەلق قوشاقچىلىرىنىڭ ئۆتكەندىكى مەزگىللەردە ئېلان قىلغان قوشاقلىرى ئىچىدە ئىجتىمائىي، تارىخىي خاراكتېر ئالغان قوشاقلىرى خېلى زور كۆلەمنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار خەلق قەلبىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قوشاقلىرى ئىچىدىكى نۇرغۇن تارىخىي مەزمۇنلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، پۈتكۈل تارىخىي قوشاقلارنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلىغان، بېيىتقان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي تېمىلىرىنى كىتاب سىرتىدا قالدۇرۇشقا ئەسلا بولمايدۇ. يەنە ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە مۇستەقىل خاسلىققا ئىگە بولغان، ئۆزگىچە مەزمۇن ۋە ئۆزگىچە تىل، جۇغراپىيىلىك تەلەپپۇز ئالاھىدىلىكى بار يەرلىك تارىخىي قوشاقلارمۇ خېلى نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قوشاقلارنىڭ ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرى خەزىنىسىدە بەلگىلىك ئورنى، سالمىقى بار، تارىخىي قوشاقلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى ئۇلاردىن ئايرىۋېتىشكە بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بۇ قوشاقلارمۇ ئالاھىدە كىرگۈزۈلدى.

5. ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئارىسىدا ئاشىق ـ مەشۇقلار ھەققىدىكى قوشاقلارمۇ زور سالماقنى ئىگىلەيدۇ. بۇ قوشاقلار گەرچە تارىخىي تېما نۇقتىسىدىن ئىلگىرى ئايرىم رومان، ھېكايە، پوۋېست، كىنو، دراما، داستان قاتارلىق شەكىللەردە ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولسىمۇ، بىراق، نۇرغۇنلىرى قىسقا ھەجىمدە، قوشاق شەكلى بىلەن ئامما ئارىسىدا تا بۈگۈنكى كۈنگىچە تارقىلىپ يۈرمەكتە. بۇ قوشاقلار تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، يەنىلا تارىخىي قوشاقلار كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. «غېرىب ـ سەنەم»، «تاھىر ـ

زۆھرە» قاتارلىق كلاسسىك ئەسەرلەر بۇنىڭ مىسالىدۇر. ئۇلار ئۆتكەنكى فېئوداللىق جەمئىيەتكە بىلدۈرۈلگەن نارازىلىق ۋە قارشىلىقنىڭ بايانىنامىسىدۇر. شۇڭا، يېقىنقى زاماندا خەلق ئىچىدە كەڭ تارقىلىپ ئومۇملىشىپ كەتكەن، سىياسىي، سىنىپىي خاھىشچانلىقى كۈچلۈك، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى يۇقىرى بولغان بۇ قوشاقلارمۇ تاللاپ كىرگۈزۈلدى.

6. بۇ قامۇسقا تارىخىي قوشاقلارنىڭ ئۆلچەم ـ مىزانى بويىچە، ئۇيغۇر جەمئىيىتى بېسىپ ئۆتكەن ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى بارلىق تارىخىي قوشاقلار شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن قوشاقلار بولۇش سۈپىتى بىلەن تاللاپ كىرگۈزۈلدى. تارىختىكى بۈيۈك نامايەندىلەر، زور تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي ھادىسىلەر، ئاتاقلىق تارىخىي شەخسلەرگە ئائىت قوشاقلار قامۇسنىڭ يادرولۇق بۆلىكىنى تەشكىل قىلدى. ئەپيۇن ئۇرۇشى، شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، بولۇپمۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ 40 ـ يىللىرى ۋە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى قوشاقلاردىن تارىخىي، سىياسىي قوشاقلارنىڭ ۋەكىللىرى تاللاپ كىرگۈزۈلدى، ھەممىسىلا قارىغۇيۇق كىرگۈزۈلمىدى. شۇڭا، ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە مەھەللىمۇ مەھەللە، يۇرتمۇ يۇرت تارقىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم داڭلىق، ھەجۋىي قوشاقلار بار، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر قوشاقلار، ئۆرپ ـ ئادەت، ھېيت ـ مۇراسىم، مەۋسۇمغا دائىر قوشاقلارمۇ بار. ئۇلارمۇ تېگى ـ تەكتىدىن تارىخىي قوشاقلار كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. بۇ قوشاقلارمۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلىك تارىخقا ئىگە. بۇ قامۇسقا شۇ قوشاقلارنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان، ئېتنوگرافىيە خاراكتېرىنى ئالغان، ئەڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ۋە ئەڭ كۆڭۈل ئېچىش قىممىتى بار قوشاقلار تاللاپ كىرگۈزۈلدى. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرىقى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

7. ئىلگىرىكى تۈنجى نۇسخىغا ئوخشاشلا، بۇ تولۇق نۇسخىدا، ھەربىر بۆلۈم، ھەربىر قىسىم، ھەربىر تېما (باب) دىكى قوشاقلارغا ئالاھىدە ئورۇن ئاجرىتىلىپ، قوشاقلار گۈلزارىدىكى ملىيونلىغان مىسرا ـ كۇپلېت قوشاقلار ئارىسىدا جۇلالاپ تۇرغان، ئۇيغۇر تارىخىدا ۋەكىللىك خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان تارىخىي قوشاقلار ئەستايىدىل، بىرمۇبىر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. شۇ تېما (باب) دىكى قوشاقنىڭ مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىتى، دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، قوشاقنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، تارقىلىش دائىرىسى، ئىجتىمائىي، رېئال ئەھمىيىتى قاتارلىقلار توغرىسىدا ئالاھىدە شەرھ يېزىلدى. نۇقتىلىق ماۋزۇلارغا نۇقتىلىق شەرھ يېزىلىپ، پۈتكۈل قوشاقلارنىڭ ئېغىرلىق نۇقتىلىرى مۇناسىپ گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىقنى بىرىكتۈرۈشتىن ئىبارەت بايان ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، تارىخىي قوشاقلارغا بولغان تونۇش، چۈشەنچىلەر تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى.

8. ھەربىر تارىخىي تېما (باب)، ماۋزۇغا ياتىدىغان قوشاقلار تېكىستلىرى بۇرۇنقى شۇ خىل ماۋزۇ، شۇ خىل تېمىدىكى نەچچە ئون خىل قوشاقلار بىلەن بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇلۇپ، تېما (باب)، ماۋزۇلارنىڭ مۇقىملىقى ساقلىنىپ، ئۆلچەملەشتۈرۈلدى. ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرى ۋە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىكى تېكىست نۇسخىسىنىڭ تولۇق، ئەتراپلىق، خاتاسىز، ئۆلچەملىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى. ھەرقايسى جايلاردا، ھەر دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا بۇرۇن ئېلان قىلىنىپ كەتكەن بەزى تېما (باب)، بەزى ماۋزۇ، بەزى قوشاقلاردىكى ئايرىم كۇپلېت، مىسرالار مەزمۇن، پىكىر، گراماتىكا، ئىملا، ھەجىم جەھەتتىن خاتا بولۇپ قېلىپ، قىسمەن نۇقسانلار ساقلانغان. سوراش، ئېيتىپ بېرىش، توپلاش، رەتلەش، كۆچۈرۈش، تەھرىرلەش، نەشر قىلىش ئۆتكەللىرىدە ئايرىم مەزمۇنلار ئۆزگىرىپ كەتكەن. بۇ قېتىم شۇ تارىخىي قوشاقلارنىڭ ئەسلىدىكى ئۆلچەملىك نۇسخىسىغا ئاساسەن، قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇلۇپ، كۆرۈلگەن نۇقسان ـ كەمتۈكلۈك تۈزىتىلىپ، رەسمىي قېلىپلاشتۇرۇلدى. ئۆزگىرىپ كەتكەن، ئالمىشىپ قالغان، چۈشۈپ قالغان، قوشۇلۇپ قالغان كۇپلېت، مىسرالار ئەسلىدىكى ئۆز ئورنىغا

كەلتۈرۈلۈپ، قايسى تېما (باب)، قايسى مەزمۇندىكى قوشاق بولسا، شۇ تېما (باب)، شۇ مەزمۇندىكى قوشاقلار سىستېمىسىغا كىرگۈزۈلۈپ، شۇ تېمىنىڭ تېكىستى تۇراقلاشتۇرۇلدى. «ئۆز ئەينىگە سادىق بولۇش» پرىنسىپى بويىچە، مەزمۇن ئەينەن ئېلىنىپ، چۈشىنىكسىز، مەنىسىز سۆز - جۈملىلەرگە ۋە خەنزۇچە، ئەرەبچە، پارسچە، رۇسچە سۆز - ئاتالغۇلارغا قايتا ئىزاھات ئىشلىنىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ بىر پۈتۈن چۈشىنىپ ئىگىلىشىگە ئاسانلىق يارىتىلدى.

9. مەزمۇنى، ئۇسلۇب - شەكلى، ۋەزىن قۇرۇلۇشى ئوخشىمايدىغان بەزى قوشاقلار بۇرۇنقى نۇسخىلاردا ئوخشاشلىقى بولمىغان يەنە بىر تۈركۈم قوشاقلارنىڭ ئارىسىغا ياكى ئاخىرىسىغا كىرگۈزۈلۈپ قويۇلغان. بۇ قېتىم ھەممىسى ئۆز ئورنىغا كەلتۈرۈلدى. ھەربىر تېما (باب) ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك بۆلەكلەر، ئابزاسلار ئېنىق ئاجرىتىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى مەزمۇن پۈتۈنلۈكى ساقلاپ قېلىنىپ، ئىلمىي، توغرا، ئەتراپلىق، مۇكەممەل بولۇشى ئاساس قىلىندى.

10. بىر قىسىم تارىخىي قوشاقلارنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئىجاد قىلغان شەخسىي ئاپتورى بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بۇ بىزگە نامەلۇم. بۇ قوشاقلار يىل، ئەسىرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن خەلق نامىغا قوشۇلۇپ كېتىپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ بايلىقىغا ئايلانغان. بۇ خىل ئالاھىدە ئەھۋاللار نەزەرگە ئېلىنىپ، شۇ دائىرە، شۇ تېما (باب) ئاخىرىسىدا ئالاھىدە ئەسكەرتىش - ئىزاھات بېرىلىپ، ئېنىقلىق دەرىجىسى كۈچەيتىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تارىخىدا جاھانغا مەشھۇر ۋە ئالىي ھۆرمەت - نوپۇزغا ئىگە بىر قىسىم داڭلىق نامايەندىلەر ئۆتكەن. ئۇلار ئۆزى يازغان ياكى ئۆزلىرى توغرۇلۇق خەلق ئىجاد قىلغان قوشاقلار تارىخنىڭ تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلىرىدا خاتىرىگە پۈتۈلمەي يوقىلىپ كەتكەن. بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋايى، ئامانىساخان قاتارلىقلارنىڭ نەزمىلىرىدىن تاللاپ نەمۇنىلەر بېرىلدى. گەرچە بۇ نەزمىلەر شەكىل جەھەتتىن قوشاق بولمىسىمۇ، لېكىن، ۋەكىللىك خاراكتېرىدىكى بۇ زاتلارنىڭ ئەدەبىي پارچە، نەزم - تەۋەررۇكلىرى سۈپىتىدە بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىدۇ. شۇڭا بىر پۈتۈن ئومۇمىي نۇقتىدىن باغلاپ چۈشىنىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

11. بۇ قامۇسنى تەييارلاش جەريانىدا پايدىلانغان ماتېرىياللار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، نەچچە مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ كىتاب، ماتېرىياللارنىڭ بەزىلىرى دۆلىتىمىز ئىچىدە، بەزىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە باشقا ئەللەردە نەشر قىلىنغان. ئوخشاش بولمىغان تىل - يېزىقلاردا ئېلان قىلىنغان. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، «ئۆزىمىزنىڭكىنى ئاساس، چەتنىڭكىنى قوشۇمچە» قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ئاساستا، قوشاقلارنىڭ ئەينەن، توغرا، ئېنىق، ئوبيېكتىپ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىندى.

12. تەكرارلايمەنكى، بۇ قامۇسقا كىرگۈزۈلگەن قوشاقلار 300 گە يېقىن تارىخىي تېما، باب - ماۋزۇلارغا ئايرىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ 300 نەچچە رومان، 300 نەچچە كىنو ياكى 300 نەچچە دراما - ئوپېرا بولغىنىدەك خەزىنە بولۇشى مۇمكىن دېگەن سۆز. قامۇسنىڭ ئومۇمىي ھەجمى، ھەربىر بۆلۈم، ھەربىر قىسىم، ھەربىر باب، ھەربىر تېمىنىڭ ھەجمى، سىياسىي خاھىشى ۋە ئىلمىيلىكى كۆزدە تۇتۇلۇپ، ھەربىر ماۋزۇ، ھەربىر تېما (باب) شۇ بۆلۈم، شۇ قىسىم، شۇ بابتا قىسقىچە بايان ئارقىلىق شەرھلەندى. بۇ چۈشەندۈرۈش، شەرھ - مەلۇماتلار نەچچە خىل نۇسخىدىكى نەچچە يۈزلىگەن كىتاب - ماتېرىياللارنى كۆرۈپ، پايدىلىنىش ئاساسىدا، نازۇك شەرت، ئۆلچەملەر بويىچە يېزىپ چىقىلدى. بۇ تونۇشتۇرۇش، شەرھ - مەلۇماتلار گەرچە كىتابنىڭ ئومۇمىي ھەجمى سەۋەبىدىن قىسقا، ئاددىيراق بولسىمۇ، لېكىن، شۇ تارىخىي تېما، شۇ تارىخىي ھادىسىنىڭ يىپ ئۇچى بولالايدۇ. مەشھۇر ئەدىب جىبران خەلىل جىبرانى: «ئۆتكەن دەۋرنى خاتىرىلەشكە ئادەم چىقمىسا، كەلگۈسىدىكى دەۋرنى كېيىنكى كىشىلەرمۇ خاتىرىلىمەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەندى. ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ كەلگۈسىدە تېخىمۇ كېڭەيتىپ يېزىشىنى، تولۇقلىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

«ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى» مىراس كىتاب، بىر قامۇس كىتاب، بىر يىرىك ئەسەر، بىر نا-زۇك ئەسەر. تارىخىي قوشاقلارنىڭ يىلتىزى، مەنبەسى ئۆز يۇرتىمىزدا بولسىمۇ، لېكىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن بىر قىسمى دۆلەت سىرتىدىكى مۇزېي، كۇتۇپخانىلاردا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاق-لىرىنىڭ ھەممىسى بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلدى، دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. مەن ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى جۈملىدىن قوشاقلار تارىخى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقان تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئىناق جەمئىيەت قۇ-رۇش نىشانىنى چۆرىدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ۋە-كىللىك قىلىپ، مۇشۇ ئاساستا تېخىمۇ تىرىشىپ، ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ دۇنياۋى خاراك-تېرلىك مۇكەممەل قامۇسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— ئۇچقۇنجان ئۆمەر

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No:7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# مۇندەرىجە

## 1 - بۆلۈم قەدىمكى دەۋرلەردىكى قوشاقلار

**بىرىنچى قىسىم قەدىمكى تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى قوشاقلار** ........ 3
1 - باب ئۇماي (قۇرىغارخان) ئانا ھەققىدە قوشاق ........ 3
2 - باب ئافراسىياپ ھەققىدە قوشاقلار ........ 5
3 - باب ئوغۇزخان قوشاقلىرى ........ 10
4 - باب سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە قوشاقلار ........ 13
5 - باب فارابى نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........ 15
6 - باب مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە قوشاقلار ........ 19
7 - باب يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........ 22
8 - باب ئەلىشىر نەۋايى نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ........ 26

**ئىككىنچى قىسىم قەدىمكى قوۋم ۋە ۋەقەلەر ھەققىدىكى قوشاقلار** ........ 32
1 - باب تېلىلار (تېلەن تاغ) قوشىقى ........ 32
2 - باب بەگقۇلى ھەققىدىكى قوشاق ........ 34
3 - باب چىلبۆرىلەر ھەققىدە قوشاق ........ 35
4 - باب مىڭلاق يۈرۈشى ھەققىدە قوشاق ........ 36
5 - باب «ئىلا» (ئىلى) ھەققىدە قوشاقلار ........ 38

**ئۈچىنچى قىسىم قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قوشاقلار** ........ 41
1 - باب ئىلاھ ھەققىدە قوشاق ........ 41
2 - باب ئاپرىنچۇر تېگىن قوشاقلىرى ........ 44
3 - باب «ئالتۇن يارۇق»تىكى قوشاقلار ........ 46
4 - باب «دالا ناخشىسى» ........ 47
5 - باب بۆرە ھەققىدىكى قوشاقلار ........ 50
6 - باب بىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش توغرىسىدا قوشاقلار ........ 52
7 - باب ئاتىلار سۆزى ھەققىدە قوشاقلار ........ 53
8 - باب ئۆلۈم تەسۋىرى ھەققىدە قوشاقلار ........ 56
9 - باب مانى قوشاقلىرى ........ 58
10 - باب ئۇرۇق - تۇغقانلارنى سېغىنىش قوشاقلىرى ........ 60
11 - باب قەدىمكى مەرسىيە قوشاقلىرى ........ 61

تۆتىنچى قىسىم قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى قوشاقلار ........................................ 62

1 ـ باب ئەمگەك (ئوۋ) قوشاقلىرى ................................................ 62
2 ـ باب جەڭ قوشاقلىرى ................................................ 65
3 ـ باب پەسىل قوشاقلىرى ................................................ 68
4 ـ باب بايرام ۋە مۇراسىم قوشاقلىرى ................................................ 71
5 ـ باب مۇھەببەت قوشاقلىرى ................................................ 73
6 ـ باب پەند ـ نەسىھەت قوشاقلىرى ................................................ 75
7 ـ باب خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدىكى قوشاقلار ................................................ 76

بەشىنچى قىسىم ياركەند خانلىقى دەۋرىدىكى قوشاقلار ........................................ 78

1 ـ باب سەئىدخان نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ................................................ 78
2 ـ باب ئابدۇرەشىدخان نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ................................................ 81
3 ـ باب ئامانىنساخان نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ................................................ 84
4 ـ باب ئاياز بەگ قوشچى نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر ................................................ 87
5 ـ باب مىرزا ئابابەكرى ھەققىدىكى نەزمىلەردىن ئۆرنەكلەر ................................................ 90

## 2 ـ بۆلۈم يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي قوشاقلار

ئالتىنچى قىسىم يېقىنقى زاماندىكى تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي ھادىسىلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار ...... 93

1 ـ باب سىنىپىي، مىللىي زۇلۇم ۋە ئۆتمۈشتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار ...... 93
2 ـ باب تار جاھان ھەققىدە قوشاقلار ................................................ 102
3 ـ باب بايانداي ئۇرۇشى ھەققىدە قوشاقلار ................................................ 104
4 ـ باب «كۆچ ـ كۆچ» قوشاقلىرى ................................................ 106
5 ـ باب لاشمان ـ قايقا داۋان قوشاقلىرى ................................................ 115
6 ـ باب سارى جاز قوشاقلىرى ................................................ 130
7 ـ باب ۋاڭخۇلۇ قوشاقلىرى ................................................ 132
8 ـ باب ھاشار ـ ئالۋان قوشاقلىرى ................................................ 135
9 ـ باب سىپىل قوشاقلىرى ................................................ 139
10 ـ باب ئامبال زۇلۇمى ھەققىدە قوشاقلار ................................................ 143
11 ـ باب يەتتە قىزلىرىم ھەققىدە قوشاقلار ................................................ 144
12 ـ باب يالغۇز تويۇن قوشىقى ................................................ 145
13 ـ باب زالىم قازىلار ھەققىدە قوشاقلار ................................................ 147
14 ـ باب ئاچ كۆز موللىلار ھەققىدە قوشاقلار ................................................ 148
15 ـ باب شەخۇمارى قوشىقى ................................................ 149
16 ـ باب زىندان قوشاقلىرى ................................................ 150
17 ـ باب جىمسار ۋەقەسى ھەققىدە قوشاقلار ................................................ 152
18 ـ باب خاڭ قوشاقلىرى ................................................ 155
19 ـ باب ئارا يۇلتۇز قوشاقلىرى ................................................ 167

20 ـ باب   نوم قوشاقلىرى ........ 170
21 ـ باب   كانچىلار قوشاقلىرى ........ 175
22 ـ باب   كارىز قوشاقلىرى ........ 178
23 ـ باب   دودۇشاڭ قوشاقلىرى ........ 180
24 ـ باب   هارۋىكەش قوشاقلىرى ........ 182
25 ـ باب   يارەنلەر يار ئولتۇردى قوشىقى ........ 195
26 ـ باب   كوچا ۋەقەسى ھەققىدە قوشاقلار ........ 196
27 ـ باب   راي ـ راي قوشىقى ........ 202
28 ـ باب   ئاتۇشتىكى يېڭىچە مائارىپ ھەققىدە قوشاق ........ 204
29 ـ باب   «ئاچىل» قوشىقى ........ 205
30 ـ باب   «جەرەن يە» قوشىقى ........ 207
31 ـ باب   «تورپاق يېغىلىقى» ھەققىدە قوشاقلار ........ 210
32 ـ باب   ئاتۇشتىكى كەلكۈن ئاپىتى ھەققىدە قوشاق ........ 212
33 ـ باب   «ئالتۇنچى يىگىتلەر» قوشىقى ........ 214
34 ـ باب   غولجا ـ قورغاس يولىنى ياسىغۇچىلار قوشىقى ........ 215
35 ـ باب   مىس كاندىكى ئىشلەمچىلەر قوشاقلىرى ........ 216
36 ـ باب   چاكارلار قوشىقى ........ 219
37 ـ باب   لەڭچىلەر قوشىقى ........ 220
38 ـ باب   پادىچىلار قوشىقى ........ 222
39 ـ باب   سالچىلار قوشىقى ........ 223
40 ـ باب   بۆزچىلەر قوشاقلىرى ........ 225

**يەتتىنچى قىسىم   ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا دائىر قوشاقلار ........ 227**
1 ـ باب   سەپەر قوشاقلىرى ........ 227
2 ـ باب   قىز كۆچۈرۈش قوشىقى ........ 243
3 ـ باب   ئەللەي قوشاقلىرى ........ 256
4 ـ باب   غېرىب ـ مۇساپىرلىق ھەققىدە قوشاقلار ........ 259
5 ـ باب   ئاتا ـ ئانا ۋە قېرىنداشلىق ھەققىدە قوشاقلار ........ 265
6 ـ باب   ياشلىق ۋە قېرىلىق ھەققىدە قوشاقلار ........ 277
7 ـ باب   ئۆگەي ئانىلارنىڭ زۇلۇمى ھەققىدە قوشاقلار ........ 280
8 ـ باب   بويتاقلىق ھەققىدە قوشاق ........ 284
9 ـ باب   تۇرمۇشقا دائىر قوشاقلار ........ 287
10 ـ باب   ئاش ـ تائاملار ھەققىدە قوشاقلار ........ 290
11 ـ باب   مېۋە ـ چېۋىلەر ھەققىدە قوشاقلار ........ 292
12 ـ باب   هاراق، تاماكا ھەققىدە قوشاقلار ........ 297
13 ـ باب   ئۇچار قۇش ۋە ھايۋانلار ھەققىدە قوشاقلار ........ 301

سەككىزىنچى قىسىم ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدىكى قوشاقلار ............ 303
1 ـ باب ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ھەققىدە قوشاقلار ............ 303
2 ـ باب ئەخمەتجان قاسىمى ھەققىدە قوشاقلار ............ 306
3 ـ باب غېنى باتۇر ھەققىدە قوشاقلار............ 312
4 ـ باب رىزۋانگۈل ھەققىدە قوشاق ............ 314
5 ـ باب ئانا ۋە جەڭچى ئوغۇل ھەققىدە قوشاقلار............ 315
6 ـ باب ئىسكىلاتتىكى ئەسكەر باللار قوشىقى ............ 317
7 ـ باب ئانىجان قوشاقلىرى ............ 319
8 ـ باب جەڭچى باللار ھەققىدە قوشاق ............ 320
9 ـ باب سالام قوشاقلىرى ............ 321
10 ـ باب ئەنجانباي ھەققىدە قوشاق ............ 322
11 ـ باب سوپاخۇن سوۋۇروپ ھەققىدە قوشاق ............ 324
12 ـ باب ئابلا موللا ھەققىدە قوشاق ............ 325
13 ـ باب ھۈسىيىن مەتگاجىت ھەققىدە قوشاق ............ 327
14 ـ باب شانىياز ھەققىدە قوشاق ............ 329
15 ـ باب مەڭلىك باقى ھەققىدە قوشاق ............ 330
16 ـ باب نىياز ئالتۇنچى ھەققىدە قوشاق ............ 332

توققۇزىنچى قىسىم ئۆرپ ـ ئادەت قوشاقلىرى ............ 333
1 ـ باب توتېم ھەققىدە قوشاق ............ 333
2 ـ باب رامىزان قوشاقلىرى ............ 336
3 ـ باب تۈنەك قوشاقلىرى ............ 340
4 ـ باب ھازا قوشاقلىرى ............ 342
5 ـ باب سەكرات قوشاقلىرى ............ 345
6 ـ باب پېرە قوشاقلىرى ............ 346
7 ـ باب ئوردام قوشاقلىرى ............ 349
8 ـ باب دارۋاز قوشاقلىرى ............ 351
9 ـ باب نەۋروز قوشاقلىرى ............ 353
10 ـ باب قارلىق قوشاقلىرى ............ 359
11 ـ باب مۇچەل قوشاقلىرى ............ 361
12 ـ باب لاي ـ لاي قوشاقلىرى ............ 363
13 ـ باب كۆك (مايسا) مەشرىپى قوشاقلىرى ............ 366
14 ـ باب دەررە ئويۇنى قوشاقلىرى ............ 367
15 ـ باب سەيلە ـ ساياھەت قوشاقلىرى ............ 368

ئونىنچى قىسىم ئاشىق ـ مەشۇقلار ھەققىدىكى قوشاقلار ............ 371
1 ـ باب چىن مودەن قوشاقلىرى ............ 371
2 ـ باب ھەمرا بىلەن ئانارخان قوشاقلىرى ............ 374
3 ـ باب گۈلەمخان ھەققىدە قوشاقلار ............ 378

4 ـ باب گۈلدەسخان ھەققىدە قوشاق ........................................ 381
5 ـ باب ئالمىخان ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 382
6 ـ باب قەمبەرنىسا ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 386
7 ـ باب روزىلەم ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 391
8 ـ باب ئامىنەم ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 396
9 ـ باب ئايىمخان ھەققىدە قوشاق ........................................ 403
10 ـ باب مىرزا گۈلۈم قوشىقى ........................................ 405
11 ـ باب سارىخان بانۇ ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 406
12 ـ باب ئاق دادام ھەققىدە قوشاق ........................................ 410
13 ـ باب بەختىخان ھەققىدە قوشاق ........................................ 411
14 ـ باب ئازنىخان ھەققىدە قوشاق ........................................ 413
15 ـ باب مىراجىخان ھەققىدە قوشاق ........................................ 415
16 ـ باب زەيتۈنخان ھەققىدە قوشاق ........................................ 417
17 ـ باب زىمىن قوشىقى ........................................ 419

**3 ـ بۆلۈم يېقىنقى زاماندىكى داڭلىق تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدىكى قوشاقلار**

**ئون بىرىنچى قىسىم ئاتاقلىق شەخسلەرگە ئائىت قوشاقلار** ........................................ 423
1 ـ باب ئىپارخان ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 423
2 ـ باب نۇزۇگۇم قوشاقلىرى ........................................ 428
3 ـ باب سادىر پالۋان قوشاقلىرى ........................................ 441
4 ـ باب مايىمخان ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 461
5 ـ باب ئابدۇراخمان خان خوجا ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 472
6 ـ باب تاش ئاخۇنۇم ھەققىدە قوشاق ........................................ 476
7 ـ باب پۇچۇنخان قوشاقلىرى ........................................ 478
8 ـ باب سېيىت نوچى قوشاقلىرى ........................................ 486
9 ـ باب ياڭ زېڭشىن ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 500
10 ـ باب جىن شۇرېن ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 506
11 ـ باب شېڭ شىسەي ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 508
12 ـ باب ما جۇڭيىڭ ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 511
13 ـ باب ما خۇسەن ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 512
14 ـ باب ما تىتەي ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 518
15 ـ باب ياڭ تۇڭ ھەققىدە قوشاق ........................................ 525
16 ـ باب تۆمۈر خەلىپە ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 526
17 ـ باب خوجىنىياز ھاجى ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 532
18 ـ باب ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 535
19 ـ باب شاھ مەنسۇر ھەققىدە قوشاقلار ........................................ 540
20 ـ باب قۇمۇللۇق قاسىم پالۋان ھەققىدە قوشاق ........................................ 542

21 ـ باب  ياچىبەگ ھەققىدە قوشاقلار ........................ 543
22 ـ باب  ئەپەندى مەخسۇم ھەققىدە قوشاق ........................ 546
23 ـ باب  ناتاۋانى قوشاقلىرى ........................ 548
24 ـ باب  قەمبەرخانىم ھەققىدە قوشاق ........................ 553
25 ـ باب  ئىسلام بېگىم ھەققىدە قوشاق ........................ 555
26 ـ باب  تۇرداخۇن شاڭزۇڭ ھەققىدە قوشاق ........................ 558
27 ـ باب  ئانار قىز پاچىئەسى ھەققىدە قوشاقلار ........................ 560
28 ـ باب  غازى بەگ ھەققىدە قوشاق ........................ 566
29 ـ باب  خاتۇڭلىك ھەققىدە قوشاق ........................ 567
30 ـ باب  ئاققوزا مىراب بېگىم ھەققىدە قوشاق ........................ 569
31 ـ باب  قاسىم پالۋان ھەققىدە قوشاق ........................ 570
32 ـ باب  توختاخۇن ھەققىدە قوشاق ........................ 572
33 ـ باب  رو دارېن ھەققىدە قوشاق ........................ 574
34 ـ باب  مامۇت ئاخۇن ھەققىدە قوشاق ........................ 576
35 ـ باب  خو دىڭباڭ ھەققىدە قوشاق ........................ 578
36 ـ باب  شاكىپەك ھەققىدە قوشاق ........................ 580
37 ـ باب  سوپى چەندازا ھەققىدە قوشاق ........................ 581
38 ـ باب  مەريەمخان ھەققىدە قوشاق ........................ 583
39 ـ باب  شېرىپ بوجاڭ ھەققىدە قوشاق ........................ 585
40 ـ باب  ئابدۇرېھىم دورغا ھەققىدە قوشاق ........................ 589
41 ـ باب  ھىدايەتبەگ ھەققىدە قوشاق ........................ 590
42 ـ باب  چىنارخان ھەققىدە قوشاق ........................ 591
43 ـ باب  توختىبەگ ھەققىدە قوشاق ........................ 593
44 ـ باب  زىلۋا سەنەم ھەققىدە قوشاق ........................ 596
45 ـ باب  توختى چوڭ ھەققىدە قوشاق ........................ 598
46 ـ باب  سادەتخان ھەققىدە قوشاق ........................ 600
47 ـ باب  ئابدۇنىياز مىراب ھەققىدە قوشاق ........................ 601
48 ـ باب  موللا ياقۇپ ھوشۇر داموللام ھەققىدە قوشاق ........................ 602
49 ـ باب  ئايىسخان ھەققىدە قوشاق ........................ 603
50 ـ باب  دۆلەتخان ھەققىدە قوشاق ........................ 605
51 ـ باب  ئايۇپبەگ ھەققىدە قوشاق ........................ 606
52 ـ باب  سادىق قۇرمال ھەققىدە قوشاق ........................ 608
53 ـ باب  مۇھەممەت مىرزا ھەققىدە قوشاق ........................ 609
54 ـ باب  سەلىمە ھەققىدە قوشاق ........................ 610
55 ـ باب  يۇنۇس خوجا ھەققىدە قوشاق ........................ 612

**ئون ئىككىنچى قىسىم  خەلق قوشاقچىلىرى، خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ قوشاقلىرى** ........................ 613
1 ـ باب  سەلەي چاققان قوشاقلىرى ........................ 613

2 ـ باب   موللا زەيدىن قوشاقلىرى ........................................ 619
3 ـ باب   تاشۋاي قوشاقلىرى ........................................ 621
4 ـ باب   نايىخان قوشاقلىرى ........................................ 622
5 ـ باب   روزەك باشى قوشاقلىرى ........................................ 624
6 ـ باب   ئايۇپ سامساق قوشاقلىرى ........................................ 626
7 ـ باب   شازادىخان ئانا قوشاقلىرى ........................................ 629
8 ـ باب   مۇھەممەت ناپىر قوشاقلىرى ........................................ 635
9 ـ باب   نىساخان ئانا قوشاقلىرى ........................................ 640
10 ـ باب   ئېلاخۇن كۆككۆز قوشاقلىرى ........................................ 644
11 ـ باب   سېلىم بوۋا قوشاقلىرى ........................................ 653
12 ـ باب   ئىسمايىل كاككۈك قوشاقلىرى ........................................ 656
13 ـ باب   ئىمىر ھېزىم قوشاقلىرى ........................................ 658
14 ـ باب   تاشپولات قوشاقلىرى ........................................ 663
15 ـ باب   تاش قارىم قوشاقلىرى ........................................ 667
16 ـ باب   موللا تۇردى شات ئېلى قوشاقلىرى ........................................ 673
17 ـ باب   يەھيا ئىينىدىن قوشاقلىرى ........................................ 677
18 ـ باب   ئۇزۇن مۇھەممەت قوشاقلىرى ........................................ 680
19 ـ باب   ئابدۇسۇبھان قوشاقلىرى ........................................ 685
20 ـ باب   ئاۋۇت راۋاب قوشاقلىرى ........................................ 691
21 ـ باب   قۇربان راۋاب قوشاقلىرى ........................................ 695
22 ـ باب   ھاجى ئەلنەغمە قوشاقلىرى ........................................ 700
23 ـ باب   قادىر بۇلاق قوشاقلىرى ........................................ 704
24 ـ باب   مىرسالى سىيىت قوشاقلىرى ........................................ 709
25 ـ باب   مەخسۇت ھاجى قوشاقلىرى ........................................ 712
26 ـ باب   مۇھەممەت يۇسۇپ قوشاقلىرى ........................................ 715
27 ـ باب   قەمىردىن كېرەم قوشاقلىرى ........................................ 718
28 ـ باب   راجى خوجامنىياز قوشاقلىرى ........................................ 721
29 ـ باب   شاھ مۇھەممەت قوشاقلىرى ........................................ 723
30 ـ باب   مۇھەممەت توختىباقى قوشاقلىرى ........................................ 726
31 ـ باب   روزى ھوشۇر قوشاقلىرى ........................................ 728
32 ـ باب   سالتاك قاسىم قوشاقلىرى ........................................ 730
33 ـ باب   ئەھمەتخان قوشاق قوشاقلىرى ........................................ 733
34 ـ باب   ھېيت قوشاق قوشاقلىرى ........................................ 737
35 ـ باب   ئىسمائىل سەيپۇللايوف قوشاقلىرى ........................................ 740
36 ـ باب   ماخمۇت قارىم قوشاقلىرى ........................................ 741
37 ـ باب   كېرىم ئېلى قوشاقلىرى ........................................ 743
38 ـ باب   روزى ئاخۇن قوشاقچى قوشاقلىرى ........................................ 747

39 ـ باب مۇھەممەت ھەسەن قوشاقلىرى ............ 750
40 ـ باب رامۇك موللام قوشاقلىرى ............ 752
41 ـ باب ھېيت نەغمىچى قوشاقلىرى ............ 754
42 ـ باب تۇرغۇن موللا ئوسمان قوشاقلىرى ............ 756
43 ـ باب خەيرنىسا توختى قوشاقلىرى ............ 760
44 ـ باب نەغمە باقى قوشاقلىرى............ 765
45 ـ باب تۇردىخان ئىسلام قوشاقلىرى ............ 768
46 ـ باب مۇھەممەتئىمىن ئەھمەت قوشاقلىرى ............ 770
47 ـ باب ئالماس ئابدۇللايوف قوشاقلىرى ............ 772
48 ـ باب ھەمزىخان سادىر، ئىمىنخان سادىر قوشاقلىرى ............ 775
49 ـ باب روزى ئىسلام قوشاقلىرى ............ 778
50 ـ باب قاريي قارىم قوشاقلىرى ............ 783
51 ـ باب ئابدۇرەشىد موللا قوشاقلىرى ............ 785
52 ـ باب ماخمۇت سابىت قوشاقلىرى ............ 788
53 ـ باب خوجادۇل خوجا قوشاقلىرى ............ 790
54 ـ باب تۇردى ئىسمائىل قوشاقلىرى ............ 791
55 ـ باب تۇرغۇن مۆمىن قوشاقلىرى ............ 795

## 4 ـ بۆلۈم خاس قوشاقلار

**ئون ئۈچىنچى قىسىم خاسلىققا ئىگە يەرلىك قوشاقلار** ............ 799
1 ـ باب ئون ئىككى مۇقام ھەققىدە قوشاقلار ............ 799
2 ـ باب خەلق مەشرەپ قوشاقلىرى ............ 802
3 ـ باب ئۈرۈمچى ھەققىدە قوشاقلار ............ 805
4 ـ باب لوپنۇر قوشاقلىرى ............ 810
5 ـ باب خوتەن قوشاقلىرى ............ 824
6 ـ باب كۇچا قوشاقلىرى ............ 828
7 ـ باب كېرىيە قوشاقلىرى ............ 832
8 ـ باب جاغىستاي قوشاقلىرى ............ 835
9 ـ باب مۇزات ھەققىدە قوشاق ............ 838
10 ـ باب باغداش ھەققىدە قوشاق ............ 840
11 ـ باب داۋانچىڭ قىزى ھەققىدە قوشاق ............ 841
12 ـ باب بايانداي ھەققىدە قوشاق ............ 843
13 ـ باب دولان قوشاقلىرى ............ 844
14 ـ باب دولانيۈزى قوشاقلىرى ............ 850
15 ـ باب توققۇزتارا ھەققىدە قوشاق ............ 851
16 ـ باب سايرام ھەققىدە قوشاق ............ 852
17 ـ باب قوشئاۋات ھەققىدە قوشاق ............ 853

**ئون تۆتىنچى قىسىم ھەجۋىي قوشاقلار ........ 854**


1 - باب خوتەننىڭ ھەجۋىي قوشاقلىرىدىن نەمۇنىلەر ........ 854
2 - باب «ئاتنامە» (نەزەر مۇپتىغا خەت) ........ 859
3 - باب سوغۇق ھەققىدە نەزمە ........ 865
4 - باب تاز ھەققىدە قوشاقلار ........ 867
5 – باب پولۇ ھەققىدە نەزمە ........ 873
6 - باب پۇل ھەققىدە نەزمە ........ 876
7 - باب ھەزەر ئەيلەڭ خالايىق ........ 879
8 - باب تىلەك قوشىقى ........ 885
9 - باب ئەر بىلەن خوتۇن ھەققىدە قوشاق ........ 888
10 - باب قېينانا ھەققىدە قوشاق ........ 890
11 - باب ئات بىلەن تۆگىنىڭ ماجىراسى ھەققىدە نەزمە ........ 892
12 - باب ئات ھەققىدە قوشاق ........ 895
13 - باب كېپىش ھەققىدە قوشاق ........ 896
14 - باب تەخسىكەش ھەققىدە قوشاق ........ 897
15 - باب ھاماقەت ۋە بەڭگى ھەققىدە قوشاق ........ 899
16 - باب قىمارۋاز ھەققىدە قوشاق ........ 901
17 - باب توشقان ھەققىدە قوشاق ........ 904
18 - باب بۆدۇنە ھەققىدە قوشاق ........ 905
19 - باب جان بۇرگەم ھەققىدە قوشاق ........ 907
20 - باب قىرىق يالغان ھەققىدە قوشاق ........ 912
21 - باب چۇن - چۇن سالاۋات ........ 920
22 - باب ھەجۋىي تەرمىلەر ........ 927

**مۇئەللىپنىڭ ئاخىرقى سۆزى ........ 932**
**پايدىلانغان نۇقتىلىق ماتېرىياللار مەنبەلىرى ........ 934**

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinbumu - İST.

# 1 ـ بۆلۈم

# قەدىمكى دەۋرلەردىكى قوشاقلار

# بىرىنچى قىسىم
# قەدىمكى تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى قوشاقلار

## 1 ـ باب
## ئوماي (قۇرىغارخان) ئانا ھەققىدە قوشاق

西王母 نامىدا قەيت قىلىنغان قۇرىغارخان ئانا (ئوماي ئانا) توغرىسىدا ئەڭ دەسلەپ خەنزۇچە ھۆججەتلەردە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردە، ئورخۇن ـ يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرى ۋە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاتارلىقلاردا بەزى مەلۇماتلار بېرىلگەن. ئوماي ئانا (قۇرىغارخان ئانا)نىڭ ياشىغان دەۋرىنى بەزىلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللاردا، بەزىلەر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 1000 ـ يىللاردا، يەنە بەزىلەر خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان دەپ قارايدۇ. ئومۇمەن ئوماي ئانا (قۇرىغارخان ئانا) ياشىغان چاغلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچى بولغاچقا، ئۇرۇق، جەمەت، قەبىلە، قوۋملار كۆچمەنچىلىك تۇرمۇشى بىلەن ياشىغان. ئۇنىڭ قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىدىكى تارىم بوستانلىقىدا ياشىغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلار خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئوماي ئانا (قۇرىغارخان ئانا) ھەققىدە توقۇلغان قوشاق توغرىسىدا تارىختا مۇنداق بىر رىۋايەت ساقلانغان: جۇ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇ مۇۋاڭ تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 10 ـ ئەسىرلەردە غەربىي يۇرتقا سەپەر قىلىپ، قاراقۇرۇم تاغلىرى ئارىسىغا يېتىپ كەلگەن. قوشۇن ھېرىپ ـ چارچىغانلىقتىن، بۇ يەردىكى ياۋچى كۆلى ئەتراپىدا توختاپ ئارام ئالغان. ئۇلار بۇ زېمىنگە ئىگىدارلىق قىلىۋاتقان ئوماي ئانا (قۇرىغارخان ئانا) بىلەن تەنتەنىلىك مۇراسىم پەيتىدە ئۇچراشقان. رىۋايەتلەردە دېيىلىشىچە، ئوماي ئانا ئەينى ۋاقىتتا غەربىي يۇرتتىكى چوڭ بىر ئۇرۇق بىرلەشمىسىنىڭ يېتەكچىسى بولغانلىقتىن، سىياسىي، ھەربىي، ئىجتىمائىي قاتارلىق ساھەلەردە مۇتلەق زور نوپۇزغا ئىگە ئىكەن. ھەرقانداق سىرتتىن كەلگەنلەر ئۇنىڭغا سالام بەرمەي ئۆتمەيدىكەن. بۇ ئانا ئۆزى چىرايى گۈزەل، چارە ـ تەدبىرلىك، ئەلنى باشقۇرۇشقا ناھايىتى ماھىر بولغانلىقى ئۈچۈن، چەكسىز ئىززەت ـ ئىكرامغا ئىگە ئىكەن. شۇ قېتىملىق ئۇچرىشىشتا بۇ ئىككى ئەلنىڭ بۈيۈك قوماندان ـ ئاتارمەنلىرى ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ، ئۇچرىشىشنى كاتتا قارشى ئېلىش ۋە زىياپەت بېرىش سورۇنىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن. بەزمىدە غەربىي يۇرت مۇزىكىلىرى چېلىنىپ، ناخشا ـ ئۇسسۇللار ئوينالغان. شائىرلار مۇشائىرە ئوقۇشقان. ئوماي ئانا (قۇرىغارخان ئانا) مېھمانلار شەرىپىگە سۆز قىلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن تەسىرلەندۈرگەن. تۇمەنىڭ تاغ ـ دەريالار ئايرىپ تۇرىدىغان ئىككى ئەلنىڭ دوستلۇقىنى ۋە بۇ دوستلۇقنى قەدىرلەشنى ئىزھار قىلغان. جۇ سۇلالىسى پادىشاھى جۇ مۇۋاڭغا ياخشى نىيەت تىلىگەن.

«ئوماي ئانا ھەققىدە قوشاق» ـــ ئەنە شۇ ئۇزۇن تارىخنىڭ رىۋايەت تۈسىنى ئالغان بەدىئىي خاتىرىسى. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوماي ئانىغا ئوخشاش ئەقىل ـ پاراسەتلىك، جاسارەتلىك، يىراقنى كۆرىدىغان ئاياللارنى يېتىشتۈرگەنلىكىنى ۋە تارىخنى تارىخقا ئۇلاپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات يولى ئاچقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. «ئوماي ئانا ھەققىدە قوشاقلار» ياش ئەۋلادلارغا ئەنئەنە، تارىخ ـ مەدەنىيەت تەربىيىسى بېرىشتە كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1

ئاسماندا ئاق بۇلۇت[1]
لەرزان ئۇچۇشار.
يەردە تاغ چوققىسى،
كۆككە تاقىشار.

ئاجايىپ يىراقتۇر
بۇ يول — مۇساپە.
تۇمەنمىڭ تاغ - دەريا،
ئايرىپ تۇرۇشار.

بىر كېلىش نىھايەت،
ئەمەستۇر ئاسان.
تىلەيمەن ئۆمۈر - قۇت،
زىيادە سىزگە.
كەلسىڭىز، كەمىنە،
سىز تامان باقار.

## 2

مېنىڭ ماكانىم قۇرىغار،[2]
يولۋاس، يىلپىزلار بىلەن بىرگە ياشارمەن.
ئۇچار قۇشلار بىلەن بىرگە ئۆتەرمەن،
چۈنكى مەن تەڭرىنىڭ قىزى،
تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماق پەرز،
هاپىزلار نەغمىسى يۈرىكىمنى ئەزمەكتە،
شۇندا سىزنى پېقىر ھەقىقىي سېغىنماقتا.[3]

---

① ئوماي ئانا (قۇرىغارخان ئانا) ھەققىدىكى بۇ قوشاق كىتابتىن - كىتابقا، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ بۇ - گۈنكى زامانغا كەلگەن. تارىختا «ئاق بۇلۇت قوشىقى» دەپ ئاتالغان. بۇ قوشاق ئالدىنقى چىن سۇلالىسىنىڭ كلاسسىك كىتابلىرىدىن بىرى بولغان «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن. بۇ كىتاب جەنگو دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 475 — 221 - يىللار) دە يېزىلغان. خەنزۇچە ئالتە كۇپلېت بولۇپ، ئۇيغۇرچە يەشمىسى 14 مىسرا بولغان.

② بۇ قوشاقمۇ «مۇتيەنزى تەزكىرىسى»گە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، خەنزۇچە شېئىر شەكلى بويىچە 12 كۇپلېتتىن قۇرۇلغان، ئۇيغۇرچە يەشمىسى يەتتە مىسرا بولغان.

③ جۇمۇۋاڭنىڭ ئوماي ئانا بىلەن كۆرۈشكەنلىكى توغرىسىدىكى ھېكايە دۇنخۇاڭدىكى 423 - نومۇرلۇق كېمىر ئۆيدىكى تام رەسىمدە ئوبرازلىق تەسۋىرلەنگەن. «شىنجاڭ تارىخىدىن سوئال - جاۋابلار»، 1998 - يىلى نەشرى.

## 2 ـ باب
# ئافراسىياپ ھەققىدە قوشاقلار

ئافراسىياپ — بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. «ئالىپ ئەرتوڭا» — ئافراسىياپ ھەققىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي قەھرىمانلىق ئېپوسىدۇر.

ئافراسىياپ (ئالىپ ئەرتوڭا) دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمدارى، تىللاردا داستان بولغۇدەك قەھرىمان ئوغلى. ئەرەب، پارس، يۇنان، يەھۇدىي، تۈركىي تىلىدا يېزىلغان تارىخىي كىتاب ـ مەنبەلەردە ئۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن رىۋايەتلەر نەقىل كەلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ياشاپ ئۆتكەن دەۋرى ـ زامانى توغرىسىدا ئوخشاش بولمىغان پەرەز، قىياسلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيەدىن تۆت ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان (يەھۇدىي، ئىران رىۋايەتلىرىدە مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 7 ـ ئەسىرلەردە ياشىغان دېيىلگەن). ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا يازغىنى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ مىلادىيەدىن ئۈچ ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان. ئافراسىياپ ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرەب، پارس، يۇنان، تۈركىي قاتارلىق خەلقلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ھاياتى ۋە دۇنياۋى شان ـ شۆھرىتى ھەققىدە كۆپلىگەن داستان، ھېكايە، ناخشا، قوشاق، بەدىھىيە، مەرسىيىلەر يېزىلغان. بۇ ھەقتە ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نۇرغۇن مىسال كەلتۈرۈلگەن.①

ئافراسىياپ ھەققىدىكى قوشاقلار ۋە ئېپوسلار ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادا ياشايدىغان قەدىمكى تۇران قوۋملىرىنىڭ ئىران ئاخمانىيلار (پېرسىيە سۇلالىسى)دىن ئىلگىرىكى ئىران شاھلىرىنىڭ چەت ئەللەرگە قىلغان باسقۇنچىلىقلىرىغا قارشى ئەركىنلىك ۋە مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىنىڭ مۇھىم جەريانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئافراسىياپ ھەققىدىكى قوشاقلار ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، جەڭگىۋارلىق روھى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان. بۇ قوشاقلار ياش ئەۋلادلارنىڭ ئۆز يىلتىزىنى چوڭقۇر تونۇپ، قەھرىمانلىق، باتۇرلۇق جاسارىتىنى يېتىلدۈرۈشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەردى ئاشىن تا تۇرغان،  
ياۋ لاغ ياغىغ قاچۇرغان.  
ئوغراق سۇسىن قايتارغان،  
باستى ئۆلۈم ئاختارۇ.

(ئۇ، ئىشنى تېتىتىدىغان ئادەم ئىدى،  
ياۋۇز دۈشمەننى قاچۇرغانىدى.  
ئوغراق قوشۇنىنى قايتۇرغانىدى،  
ئۇنى ئۆلۈم ئاغدۇرۇپ باستى، يىقىتتى).

① بۇ قوشاقلار مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا كىرگۈزۈلگەن مەرسىيىلەردىن تاللاپ ئېلىندى. 1 ـ توم، فاكسىمىل 33 ـ، 244 ـ، 104 ـ، 383 ـ، 431 ـ، 64 ـ، 462 ـ، 128 ـ، 90 ـ بەتلەر.

ياغى ئوتىن ئۆچۈرگەن،
تويدىن ئانى كۆچۈرگەن.
ئىشلار ئۆزۈپ كەچۈرگەن،
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈ.

(ئۇ يېغا ئوتىنى ئۆچۈرگەن،
ئوردىسىدىن ئۇنى كۆچۈرگەن.
كېسىپ ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىدى،
ئۇنىڭغا ئۆلۈمنىڭ ئۆلتۈرگۈچى ئوقى تەگدى.)

1

ئالىپ ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
ئەسىز ئاژۇن قالدىمۇ؟
ئۆزلەك ئۆچۈن ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

(باتۇر ئەرتوڭا ئۆلدىمۇ؟
ۋاپاسىز دۇنيا قالدىمۇ؟
پەلەك ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.)

يەشمىسى:

خاقان ئافراسياپ ئۆلدىمۇ؟
بىۋاپا دۇنيا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدىمۇ؟
پەلەك ئۇنىڭدىن ئۆچىنى ئالدىمۇ؟
ئەمدى ئۇنىڭ ئۈچۈن زامانغا نەپرەتلىنىپ،
يۈرەكلەر پارە - پارە بولماقتا.

2

بەگلەر ئاتىن ئارغۇرۇپ،
قازغۇ ئانى تۇرغۇزۇپ.
مەڭزى يۈزى سارغارىپ،
كۆركۈم ئاڭا تورتۇلۇر.

(بەگلەر ئېتىنى هارغۇزۇپ،
قايغۇ ئۇنى تۇرغۇزۇپ.
مەڭزى يۈزى سارغىيىپ
زەپەر ئاڭا سۈرتىلۇر.)

يەشمىسى:

بەگلەر ئاتلىرىنى ھارغۇزۇپ، چېپىپ كېلىشتى، ئۇلارنى قايغۇ بېسىۋالدى، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى زەپىراندەك سارغىيىپ كەتتى.

3

ئۆلىشىپ ئەرەن بورلەيۈ،
يىرتىپ ياقا ئۇرلايۇ.
سىقىرىپ ئۈنى يۇرلايۇ،
سىغتاپ كۆزى ئۆرتۈلۈر.

(ئەرلەر بۆرىدەك ھۆۋلىشىپ،
يىرتىپ ياقا ئاھ ئۇرۇشۇپ،
چىرقىراپ ئۈنى، پەرياد چېكىشىپ،
ئۆكسۈپ كۆزى ئۆرتىلۈر.)

يەشمىسى:

ئادەملەر ئافراسىياپنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ، بۆرىلەردەك ھۆۋلاشتى، ئاھ ئۇرۇپ ياقىلىرىنى يىرتىشتى، بەزىدە مۇڭلۇق نەغمىدەك ئۈن سېلىپ پەرياد چېكىشتى، كۆپ يىغلاپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى.

4

ئۆزلەك ياراغ كۆزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى.
بەگلەر بەگىن ئازىتتى،
قاچسا قالى قوتۇلۇر.

(زامان پۇرسەت كۆزەتتى،
ئوغرى تۇزاق ئۇزاتتى.
بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى،
قاچسا قانداق قۇتۇلۇر؟)

يەشمىسى:

زامان پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ۋە يەر ئاستىغا ئوغرىلىقچە تۇزاق قۇرۇپ قويغانىدى. بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى، ئۇ قاچسىمۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالامتى؟ (بۇ يەردە بەگلەر بېگى دېگەن سۆز ئافراسىياپنى كۆرسىتىدۇ.)

## 5

ئۆزلەك كۈنى تاۋراتۇر،
يالغوق كۈچتىن كەۋرەتۇر،
ئەردىن ئاۋۇن سەۋرەتۇر،
قاچسا تاقى ئارتىلۇر.

(زامان كۈنى توسالدۇرۇر،
ئىنسان كۈچىنى ئاجىزلىتۇر.
كىشىدىن دۇنيانى بوشىتۇر،
قاچسا تېغى ئارتىلۇر.)

يەشمىسى:

زامان كۈنلىرى ئىنساننىڭ كۈچىنى خورىتىش ئۈچۈن قەستلەيدۇ (بۇ يەردە ئافراسىياپ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ). ئۆلۈمدىن قاچقان كىشى ئۆلۈمگە تۇتۇلۇپ قالىدۇ.

## 6

ئۆزلەك قامۇغ كۈرەدى،
ئەردەم ئارىغ سەۋرەدى،
يۈنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم بەگى چەرتىلۇر.

(زامان ھەممە ئاينىدى،
ئەردەم ئېرىغ كېمەيدى.
يامان ياۋۇز تەۋرىدى،
ئەردەم بېگى يوقىلىپ.)

يەشمىسى:

زامان زەئىپلەندى، ئەردەم ـ پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق ـ يامان ئادەملەر تەۋرەپ باش كۆتۈردى، پەزىلەت بېگى يەنى خاقان ئافراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

## 7

ئۆزلەك ئارىغ كۈفرەدى،
يۈنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم يەمە سەۋرەدى،
ئاۋۇن بەگى چەرتىلۇر.

(زامان ئېرىغ ئاينىدى،
يامان ياۋۇز تەۋرىدى.

ئەردەم يەنە كېمەيدى،
دۇنيا بېگى يوقىلىپ.)

يەشمىسى:
زامان پۈتۈنلەي زەئىپلەشتى، بۆلۈك - پۈچقاقتا قالغان يامانلار كۆپەيدى، ياخشى خىسلەتلەر ئازىيىپ كەتتى، چۈنكى، دۇنيانىڭ ئەمرى يەنى ئافراسىياپ ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

**8**

كۆڭلۈم ئىچىن ئۆرتەدى،
يىتمىش باشىغ قارتادى،
كەچمىش ئۇدۇك ئىرتەدى،
تۈن كۈن كەچۈپ ئىرتەلۈر.

(كۆڭلۈم ئىچىنى ئۆرتىدى،
پۈتكەن يارىنى تاتىلىدى.
كەچكەن ئۇدۇكنى ئەسلەتتى،
تۈن - كۈن كېچىپ ئىزدىنۇر.)

يەشمىسى:
ئۇ (ئافراسىياپ)نىڭ مۇسىبىتى يۈرەك - باغرىمنى كۆيدۈرۈۋەتتى، ساقىيىپ پۈتۈپ بولغان يارامنى تاتىلاپ ئېچىۋەتتى، ئۆتكەن ئىشلارنى، ئىشق - سېغىنىشنى ئەسلەتتى. زامان ئۆتكەنسىرى كۆڭۈل ئۇنى ئىزدەيدۇ.

**9**

ئۇگرە يۈكى مۇنداق ئوق،
مۇندا ئاژۇن ئىلداغ ئوق.
ئاتسا ئاژۇن ئوغراپ ئوق،
تاغلار باشى كەرتىلۈر.

(شۇنداق زامان ئادىتى،
باشقا سەۋەب بار ئېخى.
ئېتىلسا دۇنيا ئوقى،
تاغلار بېشى يانجىلۇر.)

يەشمىسى:
زاماننىڭ ئادىتى شۇنداق، بۇنىڭدىن باشقا بىر مۇنچە قورقۇنچلۇق سەۋەبلەرمۇ بار. زامان تاغ بېشىنى چەنلەپ ئوق ئاتسا، تاغنىڭ بېشىمۇ پارە - پارە بولۇپ كېتىدۇ.

## 3 ـ باب
## ئوغۇزخان قوشاقلىرى

ئوغۇزخان ــ مىلادىيە 7 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى ئورخۇن ـ سېلېنگا دەرياسى ۋادىلىرىدا ياشىغان «ئون ئۇيغۇر»، «توققۇز ئوغۇز» قەبىلىلىرىنىڭ ۋە تەڭرىتېغىنىڭ ئىككى يېقىدا ياشىغان ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ سەركەردىسى. قەھرىمانلىق ھەققىدىكى مەشھۇر ئېپوس «ئوغۇزنامە» (ياكى «ئوغۇزخان ھەققىدە قىسسە») ــ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنىڭ بىرى. ئوغۇزخان ھەققىدىكى شېئىر ـ قوشاقلار قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرى خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقىلىش بىلەن شۇ دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى، ئېتنولوگىيىسىنى بەدىئىي شەكىلدە ئىخچام ئىپادىلەپ بەرگۈچى تارىخىي ھۆججەتتۇر. جۇڭگونىڭ قەدىمكى يىلنامىلىرىدىن «تارىخنامە»، «خەننامە»دىكى «ھونلار ھەققىدە قىسسە» بابىدا ئوغۇزخان ۋە ئوغۇزلار ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن. مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى بولغان ئوغۇز قەبىلىسى توغرىسىدا توختالغان. «ئوغۇزخان قوشاقلىرى» قەدىمكى ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى يادىكارلىقلىرىنى، قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئۆلگىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەھەتلەردە تەڭداشسىز مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىغان ۋاقتىدا ئېيتقان قوشىقى:

مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان،
ئاللىڭ يا تاقى قالقان،
تامغا بىزگە بولسۇن بۇيان،
كۆك بۆرى بولسۇنغىل ئۇران؛
تەمۇر جىدالار بول ئورمان؛
ئاۋ يەردە يۇرۇسۇن قۇلان،
تاقى تالۇي، تاقى مۇرەن
كۈن تۇغ بولغىل، كۆك قۇرىقان.

يەشمىسى:

(مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئالغىن قولغا يا ۋە قالقان.
تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان،[①]
كۆك بۆرە بولسۇن ھەم ئۇران.[②]
تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان،

---

① بۇيان ــ بەخت ـ سائادەت مەنىسىدە.
② ئۇران ــ ھەربىي بەلگە، پارول مەنىسىدە.

ئوۋ يېرىدە يۈرسۈن مال ـ ۋاران.
دەريا ـ ئېقىن ئاقسۇن راۋان،
كۈن تۇغ بولسۇن، ئاسمان قورغان.)

*　　　*　　　*

ئوغۇزخاننىڭ تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئېلىنى ئوغۇللىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بەرگەن ۋاقىتتا ئېيتقان قوشىقى:

ئاي، (ئوغ) ۋللار كۆپ مەن ئاشتۇم،
ئۇرۇشغۇلار كۆپ مەن كۆردۈم.
جىدا بىلە كۆپ ئوق ئاتتۇم،
ئايغىر بىرلە كۆپ يۈرۈدۈم،
دۈشمەنلەرنى يىغلاغۇردۇم،
دوستلارۇمنى مەن كۈلدۈردۇم،
كۆك تەڭرىگە مەن ئۆتەدۈم،
سىزلەرگە بەرەمەن يۇرتۇم...

يەشمىسى:

(ئەي ئوغۇللار، كۆپ يەپ ـ ئىچتىم،
نۇرغۇن جەڭ ۋە ئۇرۇش كۆردۈم.
كۆپلەپ نەيزە، ئوقلار ئاتتىم،
ئايغىر بىلەن كۆپ يول يۈردۈم.
دۈشمەنلەرنى زار يىغلاتتىم،
دوستلىرىمنى مەن كۈلدۈردۈم.
تەڭرى بۈرچىنى مەن ئۆتىدىم،
سىزلەرگە بېرەي مەن يۇرتۇم...)

*　　　*　　　*

ئوغۇزخاننىڭ ئۆز ئوغۇللىرىنى ئوۋغا ئاتلاندۇرۇش ئالدىدا ئېيتقان قوشىقى:

كۈن، ئاي، يۇلدۇز، تاڭ سارىغا سەنلەر بارۇڭ،
كۆك، تاغ، تەڭىز تۈن سارىغا سەنلەر بارۇڭ...

يەشمىسى:

(كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تاڭ تەرەپكە سىزلەر بېرىڭ،
كۆك، تاغ، دېڭىز، تۈن تەرەپكە سىزلەر بېرىڭ.)

ئۇلۇغ تۇركنىڭ چۇش كۆرگەندىن كېيىن، ئوغۇزخانغا ئېيتقان قوشىقى:

ئاي، قاغانۇم، سەنگە ياش(ا)غۇ بولسۇنغىل ئۇزۇ (ن)،
ئاي، قاغانۇم سەنگە تۆر(ۇ)لۇك بولسۇنغىل تۇزۇن.
(بەنگە كۆك) تەڭرى بەردى تۇشۇمدە، كەلدۇرسۇن
تالاي تۇرۇر يەرنى ئۇرۇغۇڭغا بەردۇرسۇن.

يەشمىسى:

(ئەي خاقانىم، بولسۇن سىنىڭ ئۆمرۈڭ ئۇزۇن،
ئەي خاقانىم، ھاكىملىق ساڭا مەنسۇپ بولسۇن.
چۈشۈمدە ماڭا كۆرسەتكەننى تەڭرى بەرسۇن،
يەرلىرىڭنى ئەۋلادىڭغا نېسىپ قىلسۇن.)

# 4 ـ باب
# سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە قوشاقلار

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ـــ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەشھۇر خاقانى، ئىسلام دىنىنى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوبۇل قىلغان، تارقاتقان، كېڭەيتكەن، مۇستەھكەملىگەن، ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بەلگىلىگەن مەرىپەتپەرۋەر زات. ئۇ مىلادىيە 889 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 955 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئاتۇشنىڭ مەشھەتكە، يەنى ئۆزىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ھۆرمەتلىك ئۇستازى ئەبۇناسىر سامانىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.①

قاراخانىيلار خاندانلىقى ـــ جۇڭگو تارىخىدا، ئۇيغۇر تارىخىدا، تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تارىخىدا، ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتى، پەن ـ مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىش سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى، ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتىنىڭ بىر قەدەر ئۇزۇنلۇقى بىلەن باشقا ئۇيغۇر خاندانلىقلىرىدىن ئالاھىدە پەرق قىلىدىغان، چوڭ، قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت ھېسابلىنىدۇ.② سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەنە شۇ قۇدرەتلىك ھاكىمىيەتنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ، ئەينى دەۋردە دۆلەت، خەلققە پايدىلىق نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ، بۇ ئالتۇن دەۋرنىڭ تەڭداشسىز سىمۋولىغا ئايلانغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدىكى قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى تارىخىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋاللارنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان،
سىزگە ئويۇن سالدۇق بىز.
ئويناپ ـ ئويناپ قىز ـ ئوغۇل،
ئەمدى قېرىپ قالدۇق بىز.

جان قارلىغاچ، قارلىغاچ،
ئوڭ دولامغا قونساڭچۇ؟
ئۇلۇغ بۇغرا ئاتامغا،
مەندىن سالام ئېيتساڭچۇ؟

ئەجەبمۇ ياراشىپتۇ،
قارا ئاتنىڭ قاشقىسى.
ئەل دەردىنى بىلمەيدۇ،
بۇغراخاندىن باشقىسى.

نېمە دەردى بار ئىكەن؟
تۇمۇچۇقلار سايرايدۇ.

---

① ھاجى نۇر ھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىلى نەشرى.
② ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2000 ـ يىلى نەشرى.

بۇغراخان ئامان بولسا،
ئۆلىمالار يايرايدۇ.[1]

ئاتۇش دېگەن ئوبدان يۇرت،
دۈشەنبە بازارى بار.[2]
غېرىبلارنى قوللايدۇ،
ھەزسۇلتان مازارى بار.[3]

ھەزسۇلتاندا تۇغ ـ ئەلەم،
قولىدا قىلىچ ـ قەلەم.
يىغلىماڭلار ياش باللار
ئۆتۈپ كېتىدۇ ئەلەم.

ئىشىك ئالدى سالاسۇن،
سارلار كېلىپ ئويناسۇن.
قەشقەردىكى يارىمنى،
ھەز سۇلتانىم قوللاسۇن.

① ئەينى دەۋردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆز ئوردىسىغا نۇرغۇن ئالىم، ئۆلىما، ئىلىم ئىگىلىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا شارائىت يارىتىپ بەرگەنلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

② ئەينى ۋاقىتتا ئاتۇشنىڭ دۈشەنبە كۈنىدە بازىرى بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

③ يەرلىك خەلق ئارىسىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى «ھەز سۇلتىنىم» دەپ ئاتىلىپ ئومۇملاشقان. يەنى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق مەنىسىدە.

# 5 ـ باب
# فارابى نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

«شەرقنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپى ۋە ئارىستوتىلچىسى» دەپ نام ئالغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئېنسىكلوپېدىيىلىك ئالىم ئەبۇناسىر فارابى ھىجرىيىنىڭ تەخمىنەن 295 ـ يىلى (مىلادىيە 870 ـ يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بالاساغۇنغا قاراشلىق فاراب (ئوترار) شەھىرىنىڭ ۋاسىج (Wasidj) ھەربىي قەلئەسىدە دۇنياغا كېلىپ، ھىجرىيىنىڭ 339 ـ يىلى (مىلادىيەنىڭ 950 ـ يىلى) 12 ـ ئايدا دەمەشىق شەھىرىدە ۋاپات بولغان. ئۇ، مىللىيلىك جەھەتتە ئۇيغۇر ـ قارلۇق نەسەبىگە تەئەللۇق ئىدى.

فارابىنىڭ دادىسى ئەينى دەۋردىكى ئەڭ ئابرۇيلۇق، ئەڭ مەرىپەتپەرۋەر زات ئىدى.

فارابى كىچىك چاغلىرىدىن (بەش ياشتىن) باشلاپلا بىلىم ئىگىلەشكە كىرىشكەن. ئۇ ئۆز يۇرتىدا بىلىمنىڭ بارلىق تۈرلىرىنى پىششىق ئىگىلەپ بولۇپ، ئىران تەۋەسىگە بېرىپ پارس تىلى ئۆگەنگەندىن كېيىن، باغدادقا بېرىپ ئەرەب تىلى ۋە پەلسەپە ئىلمىنى ئۆگەنگەن، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، تېبابەت، كالېندار ۋە مۇزىكا ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئۇنى تەتقىق قىلغان. بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا، فارابى 70 نەچچە خىل تىل بىلىدىغانلىقى، مۇزىكا نەزەرىيىسى ۋە مۇزىكا ئەمەلىيىتىگە ناھايىتى پىششىق ئىكەنلىكى، بولۇپمۇ ئۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەر چالغۇلىرى ئىچىدە قالۇننى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە ئېسىل چالىدىغانلىقى، مۇزىكا چالغاندا ئاڭلىغۇچىلارنى ئاۋۋال كۇلدۇرۇپ، ئاندىن يىغلىتىۋېتىدىغانلىقى، ئاخىرىدا ئۇلارنى مۇزىكا ھۇزۇرى بىلەن ئۇخلىتىپ قويۇپ، ئۆزى كېتىپ قالىدىغانلىقى زىكىر قىلىنغان. پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم ئۆگىنىش، ئىلىم تەتقىق قىلىش يولىغا سەرپ قىلغان فارابى ھىراتتا خرىستىئان مۇتەپەككۇرى يۇھاننا ئىبنى ھەيلاندىن مەنتىق ئىلمىنى ئۆگەنگەن. ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى غەيرىي دىندىكىلەرنىڭ گراماتىكا، ئىستىلىستىكا، ماتېماتىكا، لوگىكا، فىزىكا، گېئومېترىيە، ئاسترونومىيە، تېبابەت قاتارلىق پەنلەرگە دائىر بىلىملىرىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن ھەم تەتقىق قىلغان. شۇڭا بىلىم دائىرىسى كېڭىيىپ، تەتقىقات نەزەرى چوڭقۇرلىشىپ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ئەڭ يېتىشكەن ئېنسىكلوپېدىك ئالىمغا ئايلانغان. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە 160 پارچىغا يېقىن ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ «مەدەنەتۇل فازىلە» (پەزىلەتلىك مەدەنىيەت) ناملىق كىتابىدا ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە) ۋە فىزىكا مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي چۈشەنچە بەرگەن؛ ماددا ۋە ئىنسان، پسىخولوگىيە، ئەخلاق، سىياسەت مەسىلىلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر مۇلاھىزىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. «ئىلىم ـ پەننىڭ تۈرلىرى ۋە ئۇنى تونۇشتۇرۇش»، «ئالەم بوشلۇقى ھەققىدە سۆز»، «ئىلىم ـ پەننىڭ چېكى ۋە تەربىيىسى ھەققىدە»، «ئاسترونومىيە قانۇنلىرى ھەققىدە»، «ئەپلاتون، ئارىستوتىل پەلسەپىسىنىڭ مەقسەتلىرى»، «ئاسمان جىسىملىرى ھەرىكىتىنىڭ دائىملىقى ھەققىدە»، «مۇزىكا توغرىسىدىكى چوڭ قامۇس»، «شېئىر ۋە قاپىيە توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەر فارابىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدۇر. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەسەرلىرى تەبىئەت پەلسەپىسى تەلىماتلىرى، ئىجتىمائىي پەلسەپە تەلىماتلىرى، پەن ـ مەدەنىيەت تۆھپىلىرى، مەدەنىي مىراسلارنىڭ تارىخىي تەقدىرى قاتارلىقلارنى يادرو قىلغان بولۇپ، دۇنيا ئىلىم خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان بۈيۈك نامايەندە سۈپىتىدە تارىخىمىزدىن ئورۇن ئالىدۇ. ئۇ يازغان بۈيۈك ئەسەرلەر بۈگۈنكى كۈندە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقىغا ئايلىنىپ، ئۆز ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپ، تارىخ چاقنىنى ئىلگىرى سۈرمەكتە.

ئەبۇناسىر فارابى 80 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ دۇنيادىن ئۆتكىنىگە ئون نەچچە ئەسىردىن ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئىنسانىيەت ئۇنىڭ نامىنى قەلبىدە چىڭ ساقلاپ كەلدى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەبۇناسىر فارابى ھەققىدە ئىجاد قىلغان نۇرغۇن شېئىر ـ نەزمىلىرى بولسىمۇ، تارىخنىڭ ئۇزۇن ئەسىرلىك بوران ـ چاپقۇنلىرى تەسىرىدىن دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى. بۇ قامۇستا ئۇنىڭ ئۆزى يازغان بىر قىسىم نەزمىلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىلدى. بۇ بىز ئۈچۈن كاتتا تەۋەررۇك.

1

فارابى بىر ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر ئالىم، مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇز يۇرتىنى ئۆمۈر بويى سۆيەتتى. تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئادىتىچە كىيىنىشكە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۆزىنى مەڭگۇ تۈرك ـ ئۇيغۇر ئوغلى دەپ ھېسابلايتتى.

ئالىمنىڭ ۋەتەن ھەققىدە يازغان نەزمىلىرىدىن پارچە:

چەكسىمۇ زەخمەت ـ مۇلاقەت، سىز تەرەپتىن تەندە جان.
سىنە ـ قەلبىم سىز تەرەپكە، تەلپۈنۈپ شەيدا ھامان.

ئولتۇرماسمەن بىر ئىزىمدا، يوق ئۈمىد ئىككى سەۋەب.
قوزغىتىپ تارتىپ مېنى، تۇرغاچقا ھەردەم سىز تامان.

قوزغىلىپ چىقسام ئىزىمدىن، سىزدىن ئۆزگە يوق ۋەتەن.
يا ئىزىمغا قويغىلى يوق، بىر بەدەل مەن ئوخشىغان.

سىزدىن ئەۋزەلرەك دىيار — ئەل، گەر تەئەررىز قىلسىمۇ.
ئىككىگە قەلبىمنى بۆلمەك، ئىشقا ئاشماس ھېچقاچان.

2

فارابى پۈتۈن ھاياتىنى ئىلىم ـ پەنگە، پەلسەپىگە بېغىشلىغانىدى. بۇ ئۇنىڭ نەقەدەر گۇمانىزملىق ئاڭغا ئىگە مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ يازغان نەزمىسىدىن پارچە:

ئىككى شىشە جام بىلەن بولدى، مېنىڭ ئۆمرۈم ئادا.
ھەممىلا مەشغۇللۇقىمنى تولدۇرۇپ، قويغان ئاڭا.

بىر قەدەھتە قاپقارا تۇرسا، سىيايىم لىقمۇلىق.
ئۆزگىدە پەيۋەند بولۇپ تۇرغان، شارابىمدۇر يەنە.

بىرسىگە تولدۇرغىنىم گەر بولسا، ھېكمەت جەۋھىرى،
بىرسىدىن غەم ـ قايغۇنى يۇتتۇم، پۈتۈن قەلبىم ئارا.①

## 3

فارابى ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىغا ئىنتايىن مايىل ئىدى، ئىلىم ـ پەن ئەركىنلىكىنى ھەممىدىن قىزغىن سۆيەتتى، كىشىلەرنى ناھەقلىقتىن چەتلەپ، ھەق ـ ئادالەت مەيدانىدا مەڭگۈ تۇرۇشقا چاقىرغاندى، بۇ ھەقتە ئۇنىڭ يازغان نەزمىلىرىدىن پارچە:

ھەي قېرىنداش، خالىي تۇر، ھەمراھ ئەمەس ناھەق ساڭا.
ھەق ـ ئادالەتنىڭ قېشىدا، سەن ماكان تۇت دائىما.

بۇ جاھان ساڭا تۇرار، مەڭگۇ مەقام ـ جايمۇ ئەمەس.
زەربە ـ قىسمەتتىن خالاس، بولمايدۇ ھېچكىممۇ يەنە.

قالغۇسى مۆجىزە بولۇپ، ئىخچام تەۋەررۇك سۆزلىرىڭ.
بەخش ئېتىپ تۇرغاچ تېرەن، مەزمۇن ـپاراسەتلىك ئاڭا.

بىپايان ئالەم ھامان، مەشغۇلى ھەرىكەت ئۈستىدە.
تۇرىمىز ئوخشاپ پەقەت، تامچە ۋە ياكى نۇقتىغا.

## 4

فارابى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ پەزىلەتلىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەنىدى: «بىلىم ئىزدىگەن ۋە ئۆگىنىش ئارزۇسىدا بولغان ھەرقانداق كىشى ياش، تېمەن، زېھنى ئوچۇق، ساغلام ۋە چىداملىق بولۇشى؛ خۇش پېئىل، راستچىل ۋە ئىخلاسمەن كېلىشى؛ رىياكارلىقتىن ۋە پەس ئارزۇ – ھەۋەسلەردىن خالىي بولۇشى؛ پۈتۈن زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئىلىمگە بېغىشلىشى زۆرۈر. چۈنكى، بىلىم ئەھلى باشقا ھەر قانداق مەنپەئىتنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ...» بۇ ھەقتە فارابىنىڭ يازغان نەزمىسى:

يىراق يۇر بولسا باتىل، سۆزى يالغان.
ھەقىقەت تارقىتىپ كەت، بولسا ئىمكان.

بىزگە دۇنيا بولمىدى، ئاباده ئۆي.
بەس كېلەلمەي ئۆلۈمگە، ھېچبىر ئىنسان.②

## 5

فارابى ئوتتۇرا ئەسىردە ئۆتكەن شەرقنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى، شائىرى بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇ كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەزەرىيىچىسى، مۇزىكا ئىلمىنىڭ پىر ـ ئۇستازى ئىدى. ئۇ ئۇيغۇر چال-

---

① بۇ شېئىرنىڭ ئەرەبچىسىدىن رۇسچىغا قىلىنغان تەرجىمىسىنى ئى. ئى. بېرتىلس ئىشلىگەن بولۇپ، «بېرتىلس ئەسەرلىرى»، 1 ـ توم، 113 ـ بەت.

② ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى، 625 ـ بەت.

غۇسى قالۇننى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. قالۇن چېلىشتا ئۇنىڭ تالانتىغا ھېچقانداق كىشى يەتمەيتتى. شۇڭا، قالۇن ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك ھەمراھى بولدى. ئالىمنىڭ بۇ ھەقتە يازغان نەزمىسىنىڭ شېئىري يەشمىسى: ①②③

نەغمە تىلسىز بولسىمۇ،
قەلبنىڭ مۇڭ ساداسى.
ئادەملەرنىڭ روھىغا،
ئوت ياققۇچى ئامىلدۇر.

نەزمە تىلى قوشۇلۇپ،
كەلگەن چېغى ئۇنىڭغا.
مۇڭ مەزمۇنى روشەنلەپ،
ماڭغاي، ئېسىل قابىلدۇر.

قىلسىڭىزمۇ يۈز يىللاپ،
تىنماي تائەت ــ ئىبادەت.
ئالالمىغان چىن ھۇزۇر،
قالۇن سىمىدىن ھاسىلدۇر.

① ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1986 ــ يىلى نەشرى، 43 ــ بەت.

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن: «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ــ يىلى نەشرى، 628 ــ بەت (ئۇچقۇنجان ئۆمەر ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان.)

③ بۇ قامۇسقا ئېلىنغان فارابىنىڭ نەزمە ــ شېئىرلىرى، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇسلۇب ــ شەكلىدىن قارىغاندا، ھەممىسى غەزەل شەكلىدە يېزىلغان، پەلسەپىۋى ئىدىيىسى چوڭقۇر شەرھلەنگەن. ئۇنىڭ ئىنتىم لىرىكىلىق شېئىرلىرىدىندۇر. بۇ شېئىرلارغا كۈچلۈك فولكلور تىلى ــ قوشاق ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن. نەمۇنە سۈپىتىدە تاللاپ ئېلىندى.

## 6 ـ باب
## مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە قوشاقلار

مەھمۇد كاشغەرى 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس، جامائەت ئەربابىدۇر.①

مەھمۇد كاشغەرى قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خان ئەۋلادلىرىدىن بولۇپ، تەخمىنەن 1005 ـ يىلى قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىدىكى ئازىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ خانلىق مەركەزلىرىدىن بىرى بولغان قەشقەردە ياشاپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، تىل تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە ئەرەب تىلى بىلەن تۈركىي تىلى بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك كېتىۋاتقان ۋەزىيەت مەۋجۇت ئىدى. سىياسىي، ھەربىي، دىنىي، ئىقتىسادىي ئالاقە، شەرق ـ غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئەرەب ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران دائىرىلىرى، سودا ـ سانائەت ساھەسى، دىنىي ساھە ۋە ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسى تۈركىي تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى.

مەھمۇد كاشغەرى ئەنە شۇ ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۈچۈن، ئىرادە كەمىرىنى باغلاپ، جاپالىق ئىلمىي تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. ئالدى بىلەن «خاقانىيە» ئۆلكىسىنى(جۈملىدىن قەشقەرىيە، ئىلى، يەتتىسۇ، ئىسسىق كۆل بويلىرىنى)، قىرغىز، تاتار داللىرىنى، بۇلغار، قىپچاق سەھرالىرىنى، شەرقىي ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، ئارغۇ ـ ئوغۇز يېزىلىرىنى كېزىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئاساسىي قەبىلە ـ ئايماقلارنىڭ تىللىرى بىلەن شۇ مىللەتلەرنىڭ شېئىر ـ قوشاق، كۈيلىرىنى، ماقال ـ تەمسىل، ئىدىئوم سۆزلىرىنى، تۈرلۈك ئوخشىتىش، سۈپەت، چىرايلىق سۆز ـ ئىبارىلىرىنى يىغىپ ـ توپلاپ خاتىرىلەيدۇ. ئۇ نەچچە يىللىق جاپالىق ئىزدىنىش جەريانىدا يىغىپ ـ توپلىغان بارلىق تىل خەزىنىلىرىنى ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا ئەستايىدىل تۈرلەرگە ئايرىپ رەتلەپ چىقىش ئارقىلىق، 1072 ـــ 1074 ـ يىللىرى ئەرەب لۇغەتشۇناسلىقىنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىدىن تېخىمۇ ئىلغار بولغان ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپى بويىچە تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئىزاھلىق سېلىشتۇرما لۇغىتى ـــ «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى») ناملىق ئۈچ توملۇق تىل قامۇسىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

«دىۋان»نىڭ مەزمۇنى تۈركىي تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر، گرامماتىكىلىق قائىدىلەر، ھەربىي ـ مەمۇرىي ئاتالغۇلار، يېزا ئىگىلىك، يېمەك ـ ئىچمەك، مالىيە ـ سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تېببىي ـ دورىگەرلىك، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئاسترونومىيە جىسىملىرىغا، كالېندارچىلىققا دائىر سۆزلەر، قەبىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم داستانلىرىدىن پارچىلار، شېئىر ـ قوشاقلار، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە رىۋايەتلەردىن ئىبارەت ناھايىتى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»نى باغداد شەھىرىدە قايتا تۈزەتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 1076 ـ يىلى باغداد خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان. ئۇ بۇ بۈيۈك ئەسىردە تۈركىي تىلنىڭ ئومۇمىي تۈزۈلۈشى، فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىنچىكە تەھـ

---

① «شىنجاڭ گېزىتى»، «قەشقەر گېزىتى» نىڭ 2005 ـ يىل 8 ـ ئۆكتەبىردىكى 1 ـ بەت خەۋىرى. «مەھمۇد كاشغەرى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەش بويىچە مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.»

لىل قىلىش بىلەن 11 ـ ئەسىردىكى تۈركىي تىلنى ئوغۇز ـ قىپچاق شېۋىسى ۋە ئۇيغۇر ـ قارلۇق شېۋىسىگە ئايرىپ، دۇنياۋى خاراكتېرلىك سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇلگىسىنى يارىتىپ بەرگەن. ئۇ شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام تېغىغا دەپنە قىلىنغان.

مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدىكى قوشاقلار تارىختىن بۇيان ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن، خېلى كۆپ قىسمى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن يوقىلىپ كەتكەن، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەنلىرى ئۇ-نىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىدۇر. بۇ قوشاقلار بۇ ئالىمنىڭ دۇنياۋى شۆھرىتى، تۆھپە ـ نەتىجىلىرى، ۋە ئىنسان قىممىتىنى چۈشىنىشتە، ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئىلىم ـ مەرىپەت تەربىيىسى، ئىزدىنىش تەربىيە-سى، ئەنئەنە تەربىيىسى، تىل ۋە مائارىپ، ئەخلاق تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھەزرىتى موللام① بوۋىمىز،
ھەممىمىز قول قويىمىز.
كىرىپ كەلسە پەتىگە،②
ئەركەك پاقلان سويىمىز.

موللام تېغى جايىڭىز،
ھەزرىتى موللام نامىڭىز.
ھەزسۇلتىنىم ئىكەنغۇ،
ئەسلىي پۇشتى زاتىڭىز.

تاغقا چىققان بوۋىمىز،
باغقا چىققان بوۋىمىز.
بېشىمىزغا سايىۋەن،
موللام بېغىلىق بوۋىمىز.

ئۇجمىلىكنىڭ③ ئۇجمىسى بار،
پىشسا ھەر ياز سەيلىسى④ بار.
ھەزرىتى موللامغا ئالەمنىڭ،
چوڭ ھۆرمەت، مەيلىسى بار.

ھەزرىتى موللام تېرىكى،
تەڭگە تېرەك بولدىمىكىن؟
مۆتىۋەر مەھمۇد بوۋا،
ئەلگە يۆلەك بولدىمىكىن؟

① يەرلىك خەلق ئارىسىدا مەھمۇد كاشغەرى «ھەزرىتى موللام»، «ئىلىمگە ھۆددىگەر پىرىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. مەھمۇد كاشغەرى ئۆز دىۋانىدا «ئوپال بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى»، «ئازىق بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ ئاتىغان. مەھمۇد كاشغەرى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەجدادلار «ھەزرىتى موللام قەبرىگاھى ـــ مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئىلمىي سۆپىتى، ئۇنۋانى، نامىدۇر.» دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. شۇڭا، تارىختىن بۇيان ھەزرىتى موللام مەھمۇد كاشغەرى نامىدا ئومۇملىشىپ كەتكەن. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ جاينى ھەزرىتى موللام دەپ ئاتايدۇ.

② پەتە ـــ پاتىھە ئوقۇش، ھال سوراش، يوقلاش مەنىسىدە.

③ ئۇجمىلىك — موللام بېغى كەنتىنىڭ بىر مەھەللىسىنىڭ ئىسمى، موللام تېغى باغرىدا ئۇجمىلىك مەھەللىسى بار. تارىختىن بۇيان ئۇجمىنى كۆپ ئۆستۈرۈش بۇ جاينىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىگە ئايلانغان. شۇ سەۋەبلىك موللام بېغى مەھەللىسى — ئۇجمىلىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

④ ئۇجمە سەيلىسى ـــ ھەرىيلى ئۇجمە پىششىقىدا، يېقىن ـ يىراقتىكىلەر يىغىلىپ «ئۇجمە سەيلىسى» ئۆتكۈزۈش ھەزرىتى موللامدا ئۆتكۈزۈلىدىغان نورۇز پائالىيەتلىرىدىن كېيىنكى خەلق ئارىسىدىكى يەنە بىر ئەنئەنىۋى پائالىيەتتۇر. بۇ پائالىيەتتىن كېيىن كىشىلەر يازلىق ئورمىغا كىرىشىپ كېتىدۇ.

ئېشىك ئالدى جەگە تېرەك[1]،
بۇلبۇل ئۇچۇپ ئۆتەلمەس.
ھەزرىتى موللامدەك ئالىم،
ئەمدى قايتا تۆرەلمەس.

موللام تېغدا ئاتام بار،
موللام بېغدا ئانام بار.
ھەزرىتى موللام ئالىمغا،
چىن كۆڭۈلدىن سالام بار.

موللام تېغى باغرىدا،
ھەزرىتى موللام ھويلىسى.
ھويلىدا ئەينۇلىسى،
بېغدا شاپتۇلىسى.

مېھمانلارغا سۇ قۇيغان،
ئالتۇندىن ئاپتۇۋىسى.
«خۇش كەپلا» دەپ تووۋلايدۇ،
شېخىدا شاتۇتىسى.

سەللە تۇماقلىق بوۋىمىز،
كەمچەت تۇماقلىق مومىمىز.
بۇ ئۇلۇغ زات، ئالىمدىن،
سۆيۈنگەن يۇرت ئەھلى بىز.

ئوپۇلاتنىڭ[2] تاغلىرى،
ئەتراپىدا باغلىرى.
ئالىم بىلەن سۆيۈنۈپ،
ئۆتەر ئوپال باللىرى.[3]

---

① جەگە تېرەك ــ ھەزرىتى موللام قەبرىگاھىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى كەڭ كەتكەن يانتۇلۇقتا قەد كۆتۈرگەن تېرەكلىك جاينى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر بۇ جاينى «جەگە تېرەك» دەپ ئاتىشىدۇ.

رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، مەھمۇدىيە مەدرىسى بىنا قىلىنىدىغان چاغدا مەدرىسىنىڭ تۇۋرۇك، خار، لىم ياغاچلىرى ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر پىلان بويىچە تەييارلىنىپ، ئازراق جەگە ياغاچ كەملەيدىغانلىقى ئېيتىلغانمىش. مەھمۇد كاشغەرى ئۇستىلارغا ھېلىقى تېرەكلىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «كۆردۈڭلارمۇ، ئەنە ئاۋۇنىڭ ھەممىسى جەگە تېرەك» دېگەن ئىكەن. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ جاينىڭ ئىسمى «جەگە تېرەك» دەپ ئاتالغان.

② ئوپۇلات ــ مەھمۇد كاشغەرى قەبرىگاھىنى ئوراپ تۇرغان تاغلار خەلق ئارىسىدا ئوپۇلات دېيىلىدۇ. بۇ يەردە ھازىر ئوپۇلات كەنتى بار. ئوپۇلاتمۇ قەدىمىي تارىخىي جاي ھېسابلىنىدۇ.

③ بۇ قوشاقلارنى ئوپالدىكى مۆتىۋەر مائارىپچى قاسىم رېھىم ئېيتىپ بەرگەن. 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئەدىب ئۆمەر ئوسمان شىپاھى، ئاۋۇت ئوسمان، قادىر ھوشۇر قاتارلىقلار قەلەم تەۋرىتىپ خاتىرىلىگەن.

## 7 ـ باب
## يۈسۈپ خاس ھاجىپ نەزملىرىدىن ئۆرنەكلەر

ئىسلامىيەتتىن كېيىن ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەدەنىيەت ۋە پەلسەپە، ئىدىيە تارى-
خىدىكى ئۇلۇغ ئالىم، مۇتەپەككۇر، شائىر، دۆلەت ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپ 1019 ـ يىلى قاراخا-
نىيلار خاندانلىقىنىڭ پايتەختى بالاساغۇندا تۇغۇلۇپ، 1085 ـ يىلى قەشقەردە ۋاپات بولغان.

ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ نادىر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك (بەخت كەلتۈرگۈچ بىلىم)» (بۇ
كىتاب 85 باب، 6654 بېيىت، 13مىڭ 290 مىسرا)نى يېزىپ، شۇ دەۋر قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ پا-
دىشاھى بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئوردىدا خاس
ھاجىپلىق (مەخسۇس مەسلىھەتچى) ئۇنۋانىنى ئالغان. «قۇتادغۇ بىلىك» زور ھەجىمدىكى دىداكتىك داستان
بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا دۆلەت باشقۇرۇشتا قانۇننىڭ ئىنتايىن قۇدرەتلىك، مۇھىم ئىكەنلىكىنى، دۆلەت
باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ بۇرچى ۋە ئەخلاقىي مەسىلىلىرىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ
پەلسەپە ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئۇسۇلدا سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقى-
لىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. بۇ بۈيۈك قامۇستا جەمئىيەتتىكى رېئال تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى، كىشى-
لەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، بىلىملىك، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولى، كى-
شىلەرنىڭ ھاياتلىقنى قەدىرلەش ۋە تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، دۆلەت خادىملىرى ۋە پۇقرالار-
نىڭ ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆلچەملىرى تۆت شەخس (ئادالەت ۋە قانۇن سىمۋولى بولغان پادىشاھ كۈن تۇغدى،
بەخت ـ سائادەت سىمۋولى بولغان ۋەزىر ئايتولدى، ئەقىل ـ ئىدراك سىمۋولى بولغان ۋەزىرنىڭ ئوغلى
ئۆگدۈلمىش، سەۋر ـ قانائەت سىمۋولى بولغان ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى ئودغۇرمىش )نىڭ سۆھبەت مۇنازى-
رىسى شەكلى ئارقىلىق بايان قىلىنغان. بۇ قامۇستا 11 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە
شائىر ئەدەبىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇ قامۇس ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، بايان
قىلغان ئىدىيە ـ پىكىرلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ياكى تىل ـ ئەدەبىيات، قانۇن، تارىخ، كالېندارچىلىق،
ھۈنەر ـ كەسىپ قاتارلىق ساھەلەردىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ تارىختا زور تەسىر كۆرسەتكەن ئالەمشۇمۇل
ئەسەردۇر. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ، مەرىپەتپەرۋەرلىك ، ۋەتەن بىرلىكى ۋە جەمئىيەت ـ پۇقرالارنىڭ
تىنچ ـ ئىناقلىقى جەھەتتىكى ئىدىيىلىرى زاماندىن ـ زامان چاقناپ نۇر چاچقۇسى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ۋە قوشاقچىلىقى ئۈچۈن باب كېلىدىغان بىرقىسىم نا-
دىر نەزملەرنى ئالاھىدە كۆرستىشكە ئەرزىيدۇ.

### 1

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك »داستانىدىكى تۆت تادۇنىڭ تۆت پەسلنى پەيدا قىلغانلىقى
ھەققىدىكى نەزملىرىدىن ئۆرنەكلەر:

143. ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.

144. يېغىدۇر[1] بۇلارنىڭ بىرىگە بىرى،
قويۇپ ياۋغا ياۋ،[2] قىلدى جەڭنى نېرى .

145. ئۆرۈشماس بۇ ياۋلار، ياراشقان ئۇچۇن،
كۆرەشمەس بۇ ياۋلار كۆتۈرگەچ ئۆچىن.

## 2

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپىسى قاراشلىرى، يېڭىلىقنىڭ كونىلىقنىڭ ئورنىنى بېسىـ-
شىدىن ئىبارەت سۈپەت ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا دائىر نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

686. تۇراقسىز بولۇشۇم ماڭا ئەيىب ئەمەس،
تاللايمەن ئۆزۈمگە يېڭى نەرسە ـ بەس.

687. پۈتۈن كونا نەرسىلەر يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىزنىڭ يۈكى كۆڭۈلسىز بولۇر.

688. يېڭى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

689. پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېڭىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

## 3

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىم ـ مەرىپەت ئىگىلەشنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدە يازغان نەزمىلىرىدىن
ئۆرنەكلەر:

1780. بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1781. ئەقىللىقتا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى ،
بېرەر ئەلگە ھۇزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۇت.

---

① يېغى ـــ ئۇرۇش، جەڭگى ـ جېدەل، بۇ يەردە زىددىيەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
② ياۋ ـــ دۈشمەن، بۇ يەردە قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ دۈشمەنلىك مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

2603. ئەي، ئەقلى تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭى قىل.

## 4

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ مەۋھۇم بەختنىڭ مەنسۇبىيەت خاراكتېرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرىسىدا بايان قىلىنغان نەزمىلىرىدىن ئۈرنەكلەر:

1704. كۆچ ئاتتەك بولۇر بەخت تۇۋى ـ نېگىزى،
مۇلايىم، كۆڭۈللۈك ئۇنىڭ يىلتىزى.

2105. ئېرىغدۇر بۇ بەخت، ئۇ، ئېرىغلىق تىلەر،
سۈزۈكتۇر بۇ دۆلەت، سۈزۈكنى يۆلەر.

1714. كېلەر بەخت كىشىگە، قەدرىگە ئۇنى،
سىڭار بۇ قەدەر ئاڭا، بولسا كۈنى.

1715. بولۇمسىزغا گەر كەلسە دۆلەت ۋە بەخت ،
تېپەر دۆلەتنى، كەچۈرمەس كۈنى.

1778. نە ياخشى ياراشۇر ، ئەقىللىققا قۇت،
ئەي ياخشى قىلىقلىق بىلىملىككە پۇت.

682. بۇ بەخت كەلسە ئىنسان كۈنى قۇتلىنىپ،
تۈمەنىڭ تىلەككە يېتىپ يەيدۇ ئاش.

681. بۇ بەخت قايدا بولسا، بويۇن ئەگ، ياراش،
قېرىشساڭ ئۇنىڭلە قاتار غەمدە باش.

## 5

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەپ بايان قىلىنغان نەزمىلىرىدىن ئۈرنەكلەر:

4504. تۇغۇلسا ساڭا ئاي كەبى قىز ـ ئوغۇل،
ئاڭا تەربىيىچى سەن ئۆزۈڭلا بول.

4505. ئېرىغ ياخشىنى ئال ئىنىگە قىلىپ،
ئوغۇل ـ قىز ئۆسەر پاك ۋە ساغلام بولۇپ.

4508. پەزىلەتنى قويماي ئوغۇلغا ئۆگەت،
ئاڭا مال بەرگۈسى يىغىپ پەزىلەت.

4509. ئوغۇلنى بىكار ـ بوش يۈرمە سەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.

1823. كىچىك چاغدا ئىنسان بىلىم ئۆگىنۇر،
چوڭايسا ئۇنىڭلە تىلەككە يېتۇر.

1495. كىچىك چاغدا بىلسە بالا نېمىنى،
قېرىپ ئۆلگىچە ئۇنتۇماس ئۇنى.

**6**

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتلىق ۋە ماماتلىق ھەققىدە بايان قىلغان نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر:①

نەچچە مىڭ ياشىسا ئۆز ئۆلگۈچىدۇر،
ئۆلانغان ئەزالار ئۈزۈلگۈچىدۇر.

ئىشىم تامام، ئۆلۈمدىن كېيىنلا يانا،
قارا يەر تېگىدە چىرىمەك مانا.

ئۇ قايتىپ كەلگۈچى ئەمەستۇر يەنە،
سەن ھەم بىزمۇ قايتىپ كېتەرمىز ئاڭا.

① يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ بابتىكى نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ 1984 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇسخىسىدىن تاللاپ ئېلىندى.

## 8 ـ باب
## ئەلشىر نەۋايى نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى ۋە تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ يارىتىلىشى ھەم ئالەمشۇمۇل
راۋاجىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئۇلۇغ
شائىر، ئالىم، مۇتەپەككۇر، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى مىر ئەلشىر نەۋايى 1441 ـ يىل 9 ـ فېۋرال ھىرات
شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى غىياسىدىن كىچىك ئوبۇلقاسىم بابۇر خانلىقىدا ئوردا ـ ساراي
خادىملىرىدىن بىرى بولغانىدى. ئەلشىر نەۋايى بالا ۋاقتىدىلا ئەينى زامانىنىڭ ئەڭ مەدەنىيەتلىك ۋە بىد ـ
لىملىك كىشىلىرى ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەن يېقىن ئۆتكەچكە، ئۇ ئۆسمۈرلۈك چېغىدىن باشلاپلا سەنئەت
ۋە ئەدەبىياتقا ھەۋەس قىلىپ، فەرىدىن ئەتتار، قاسىم ئەنۋەر قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ شېئىرلىد ـ
رىنى يادلاپ ئۆگىنىپ، باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن قىزغىن شۇغۇللانغان. ئەلد ـ
شىر نەۋايى ئۆز زامانىسىدىكى خوراسان پادىشاھى ھۈسەيىن بايقارانىڭ ساۋاقدىشى ھەم دىلكەش دوستى
ئىدى. شۇ مەزگىلدە شاھرۇخ مىرزا ۋاپات بولۇپ، مەملىكەتتە ھاكىمىيەت تالىشىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ.
غىياسىدىن ئائىلىسى ۋاقتىنچە ھىراتتىن باغدادقا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ ۋە 1452 ـ يىلى ئو ـ
بۇلقاسىم بابۇر ھىراتنى ئىگىلەپ، خاتىرجەملىك ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار يەنە ھىراتقا قايتىپ
كېلىدۇ. 1456 ـ يىلى مەشھەت شەھىرىگە بېرىپ ئوبۇلقاسىم بابۇرنىڭ خىزمىتىگە كىرىدۇ. بۇ جەرياندا
ئۇ ئوبۇلقاسىم بابۇر ۋە باشقا داڭلىق شائىرلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. بۇ يەردە تۇرغان مەزگىلدە ئۇ ئەدە ـ
بىي ئىجادىيەتتىن باشقا پەلسەپە، رىيازىيات (ماتېماتىكا)، پەلەكىيات ( ئاسترونومىيە) قاتارلىق ئىلىملەر ـ
نىمۇ ئۆگىنىپ، ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان ئالىملىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

ئەلشىر نەۋايى ئۆز ئەسەرلىرىنى ئاساسەن چاغاتاي تىلىدا يازغان. ئۇ تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ
تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى پىششىق ئۆگىنىپلا قالماستىن، يەنە پارس ۋە ئەرەب ئەدەبىياتى بىلەنمۇ كەڭ شۇ ـ
غۇللانغان. ئۆز ئىجادىيىتىدە كلاسسىك شېئىرىيەتنىڭ خىلمۇخىل ژانىر، شەكىللىرىنى قوللىنىپ، شې ـ
ئىرىيەت ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتى جەھەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن. ئۇ پۈتكۈل
ئۆمرىدە «خەزائىنۇل مەئانى» (مەنىلەر خەزىنىسى) ناملىق شېئىرىي دىۋانىنى شۇنداقلا «ھەيراتۇل ئەبرار»،
«پەرھاد ـ شېرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر» دىن ئىبارەت 52 مىڭ
مىسرادىن تەشكىل تاپقان بەش يىرىك داستانىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۈيۈك «خەمسە»نى يېزىپ، تۈركىي
تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 15 ـ ئەسىردىكى گىگانت نامايەندىسى بولۇپ
قالغان. ئۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتتىن باشقا يەنە «مەجالىسۇن نەفائىس» (گۈزەللەر مەجلىسى)، «مۇھاكىمە تۇل
لۇغەتەيىن» (ئىككى تىل ھەققىدە مۇھاكىمە)، «مەنتىقۇتتەيىر» (قۇشلار تىلى) قاتارلىق زور ئىلمىي قىم ـ
مەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يازغان. ئۇيغۇر 12مۇقامىدا ئۇ يازغان نۇرغۇن غەزەللەر ئورۇن ئالغان. ئۇ ئاخىرقى
ئۆمرىنى ھىراتتا ئۆتكۈزۈپ 1501 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن ۋە ھىراتتىكى «خاكى
مۇسەللا» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

ئەلشىر نەۋايى بەش ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىگە ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلدى. ئۇ، ئۇيغۇر
مەدەنىيىتى، ئۇيغۇر مائارىپى، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل، ئۇيغۇر مۇقاملىرى، ئۇيغۇر
ئەلنەغمە سەنئىتى، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى، ئۇيغۇر نەققاشلىقى ۋە كىتابەت سەنئىتى قاتارلىقلارنىڭ تەرەققىيا ـ
تىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

ئەلىشىر نەۋايى ھەققىدە قوشاقلار ئەسىرلەردىن بۇيان ناھايىتى كۆپ ئىجاد قىلىنغان، خەلق ئارىسىدا كۆپ تارقالغان، ئۇيغۇر مەشرەپ ـ مۇقاملىرىدا ئۇنىڭ تېكىستلىرى ئالاھىدە ئورۇن تۇتقان بولسىمۇ، لېكىن، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگىنى ئاز بولدى.

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئۆزى ھەققىدە يازغان، كلاسسىك شېئىرىيەت خاراكتېرىنى ئالغان، ئۇيغۇر قوشاقچىلىقىغىمۇ باب كېلىدىغان بىرقىسىم شېئىر ـ رۇبائىيلىرى نادىر ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن خەلقىمىز قەلبىدە مەڭگۇ جاراڭلايدۇ.①

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ تەبىئەتنى چەكسىز سۆيۈپ، ئىنسان ھاياتىنى قەدىرلەشكە ئائىت شېئىر ـ نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

1

كۆك گۈلشەنى گۈللىرى تۆكۈلدى،
گۈللەركى تۆكۈلدى، غۇنچە كۈلدى.

كۆك باغرىدا گۈللەر ئولدى نانۇد،
يەر باغرىدا گۈللەر ئولدى مەۋجۇت.

ئول باغدا ھەر نەكىم ساچىلدى،
گويا بۇ باغ ئارا ئاچىلدى.

— «لەيلى ـ مەجنۇن»

2

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەتنى مەزمۇن قىلغان نۇرغۇن رۇبائىي ـ شېئىرلىرىدا، سۆيۈملۈك يارنىڭ جامالى، لاتاپىتى، ۋاپادارلىقى، ھەقىقىي سۆيگۈ ـ ئىشقى لىرىك تۇيغۇ، گۈزەل روھ، قىزغىن ھەۋەس، قايناق ھېسسىيات بىلەن تەرىپلەنگەن. بۇ ئۇيغۇر رۇبائىيچىلىقى ۋە قوشاقچىلىقىنىڭ نادىر ئۈلگىسىدۇر.

كۆز بىلەن قاشىڭ ياخشى،
قاباغىڭ ياخشى.
يۈز بىلەن سۆزۈڭ ياخشى ،
دوداغىڭ ياخشى.

ئېيىڭ بىرلە مېڭىڭ ياخشى،
ساقاغىڭ ياخشى ،
بىر ـ بىرىنى دېيىسىن باشتىن،
ئاياغىڭ ياخشى.

«غەرايىبۇس سىغەر»

① بۇيابىتىكى شېئىر ـ نەزمىلەر شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001 ـيىلى نەشر قىلغان «بۈيۈك ئەلىشىر نەۋايى» قاتارلىق كىتاب ۋە باشقا بىرقىسىم كىتاب ـ ژۇرناللاردىن تاللاپ ئېلىنغان.

يەشمىسى: (ئەي، يار، سېنىڭ كۆزۈڭ، قېشىڭ، قاپىقىڭ، قىسقىسى يۈزۈڭنىڭ ھەممە يېرى ياخشى بولۇپلا قالماي، سۆز ئۇنچىلىرى تۆكۈلگەن لەۋلىرىڭمۇ گۈزەل، كەڭ ماڭلىيىڭ بىلەن قارا خالىڭ ياراشقان ئېڭىكىڭ تېخىمۇ گۈزەل. بولدىلا، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ سېنىڭ بېشىڭدىن ئايىغىڭغىچە گۈزەللىك چاقناپ تۇرىدۇ.)

## 3

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئانا تىلنى قېزىش، مەنىدار تىل ئۈستىدە ئىزدىنىش توغرىسىدا يازغان نەزمىسىدىن ئۆرنەكلەر:

دانەئى دۇر سۆزىنى ئەفسانە بىل،
سۆزنى جاھان بەھرىدە دۇردانە بىل.

— «نەزمۇل - جەۋاھىر»

يەشمىسى: (گۆھەردەك ھەربىر سۆزنى ئۇلۇغ بىل، ئۇنى جاھان دېڭىزىدىكى گۆھەر بىل.)

بارچە كۆڭۈل دورجى ئارا گەۋھەر ئول،
بارچە ئاغىز ھۇققەسىدە جەۋھەر ئول.

يەشمىسى: (ئۇ كۆڭۈل قۇتىسىدىكى گۆھەردۇر، ئۇ بارچە ئېغىز ھۇققەسىدىكى جەۋھەردۇر.)

تىرىلگۈزۈپ ئۆلۈكنى كەلامى فەسىھ،
ئۆزگە جان بەخش لەقەب دەپ مەسىھ.

يەشمىسى: (پاساھەتلىك سۆز ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدۇ، شۇڭا ئەيسا ئۆزگە جان بەخش ئەتكۈچى دەپ لەقەم قويغان.)

ئول كىشى سۆز بەھرىدە غەۋۋاس ئېرۇر،
كىم گەۋھەر مەئنىي ئاڭا خاس ئېرۇر.

يەشمىسى: (ئۇ كىشى سۆز دېڭىزىغا غەۋۋاس بولسا، گۆھەر مەنە ئۇنىڭغا خاس بولسۇن.)

## 4

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ۋە ھايا - نومۇسنىڭ ھەر قانداق بايلىق ۋە دۆلەتتىن يۇقىرى تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە يازغان نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر:

زىۋەر كىشىگە ناتاجۇ،
نە ئەفسەر بىل.
ئول زىۋەر ئەدەپ بىرلە،
ھايا دەرد خە بىل.

هەر كىمكى ئەدەپسىزدۇر،
ئىشنى ئەپتار بىل.
ئەل قىسە ئىرانلارغا،
ئەدەپ زىۋەر بىل.

— «نەزمۇل ـ جەۋاھىر»

يەشمىسى: (بىزەك كىشىلەرگە قانداقمۇ تاج بولالىسۇن؟ ئەدەپ ـ هايالا كىشىگە ئەڭ يارىشىدىغان بىزەكتۇر. كىمكى ئەدەپسىز بولىدىكەن ئۇنىڭ هالى خاراب، پەقەت مەردلەر ئۈچۈن ئەدەپ بىزەك بولىدۇ.)

**5**

ئەلىشىر نەۋايىنىڭ ئاتا ـ ئانا هۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈش، ئۇلارغا مېھرىبانلىق، غەمخورلۇق قىلىشنى بىلگەن پەرزەنتنىڭ سائادەتمەن، بەختلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا يازغان نەزملىرىدىن ئۆرنەكلەر:

پەرزەنت ئاتا قوللىغىن،
چۇ ئادەت قىلغاي.
ئول ئادەت ئىلە كەسپى،
سائادەت قىلغاي.

هەر كىمكى ئاتاغا كۆپ،
رىئايەت قىلغاي.
ئوغلىدىن ئاتا بۇ ئىش،
سىرايەت قىلغاي.

— «نەزمۇل ـ جەۋاھىر»

يەشمىسى: (پەرزەنت ئاتىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئادەت قىلىشى كېرەك. ئەنە شۇ ئادەت بىلەن ئۇنىڭ كەسپى روناق تاپىدۇ. كىمكى ئاتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسا، ئۇنىڭ ئەۋلادىمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ هۆرمەت بەجا كەلتۈرىدۇ.)

**6**

نەۋايى ياشىغان دەۋردە تۈركىي تىللىق مىللەتلەر هازىرقىغا ئوخشاش تېخى بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن ئېتنىك گۇرۇھ (مىللەت) نى شەكىللەندۈرمىگەنىدى. شۇڭا ئەلىشىر نەۋايى ئۆزىنىڭ قوۋم ـ نەسەبى توغرىسىدىكى تالاش ـ تارتىشلارغا مۇنداق جاۋاب قايتۇرغانىدى:

(1)

ئەگەر بىر قوۋم گەر يۈز، يوقسە مىڭدۇر،
مۇئەييەن تۈرك ئۇلۇسى خۇت مېنىڭدۇر.

قوۋملار سانى يۈز، يا مىڭ،
بولسا مەيلى، ئەسلىمدۇر.
پەقەت تۈرك قوۋملا،
مېنىڭ زاتى نەسلىمدۇر.

يەشمىسى: (بىرەر قوۋمنىڭ سانى نەچچە يۈز، ياكى نەچچە مىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەقەت تۈرك مىللىتىلا مېنىڭ نەسلىم بولىدۇ.)

**(2)**

ھالال ئانا سۈتىدەكتۇر،
گەر ئۆز بەگىم[①] تۇتسا.
تەبۇك قىلىپ يۈكۈنۈپ،
توستەگان[②] ئىچىدە قىمىز.

قىمىز تۇتسا ئۆزبەگىم،
تەزىم قىلىپ يۈكۈنۈپ.
ھالال ئانا سۈتىدەك،
مەن ئىچەرمەن چوڭ بىلىپ.

يەشمىسى: (ئەگەر ئۆزبېك قەبىلىسى ماڭا تەزىم قىلىپ يۈكۈنۈپ تۇرۇپ بىر قاچا قىمىز تۇتسا، ئۇ-نى ھالال ئانا سۈتىدەك بىلىپ ئىچىۋەتكەن بولاتتىم.)

**(3)**

شاھۇ تاجۇ خىلىك تىكىم،
مەن تاماشا قىلغىلى.
ئۆزبەگىم باشىدا قالپاق،
ئەگنىدە شىرداغۇ - بەس!

باشقا قالپاق، كۆن - خۇرۇم،
ئېگىن كىيگەن ئۆزبېك راست.
كۆرۈنەر ماڭا باشتا تاج،
ئۇچىسىدا شاھ لىباس.

يەشمىسى: (بېشىغا قالپاق، ئۇچىسىغا تېرە كىيىم كىيگەن ئۆزبېكلەر مەن ئۈچۈن بېشىغا تاج، ئۇ-چىسىغا شاھانە لىباس كىيگەندەك كۆرۈنىدۇ)

---

① ئۆزبەگىم ـــ ئۆزبېك 15 ـــ16 - ئەسىرلەردىكى تۈركىي تىللىق قەبىلىلەردىن بىرى.
② توستەگان ـــ ياغاچتىن ياسالغان قاچا.

(4)

سەنەملەر ھۆسنىدىن مەقسۇت،
يار ئولمىش نەۋايىگە.
ئەگەر بارلاس، ئەگەر تەرخان،
ئەگەر ئارلات، ئەگەر سۆلدۇز①.

ھۆسنى بەك ئۇز، سەنەملەر،
يارى ـ جۇپتۇر سەن ئۈچۈن.
بارلاس، تەرخان ھەم ئارلات،
سۆلدۇز گۈزەل مەن ئۈچۈن.

يەشمىسى: (بارلاس، تەرخان، ئارلات، سۆلدۇز قەبىلىلىرىمۇ نەۋايى ئۈچۈن بەك گۈزەل ھۆسنلىك كۆ-رۈنىدۇ.)

(5)

مەن تىلەپ ھۆسن ۋەلى،
شاھ ئەسلۇ ـ نەسەب.
مېنگە لولى بىلەن ھىندۇ،
ئاڭا قوڭغىرات ـ قىيات.

شاھ بولماقلقا نە كېرەك؟
ئەسلىي نەسەب ـ جەمەتى.
ماڭا سىگان، يا ھىندى،
بولۇۋېرەر قىياتى.

يەشمىسى: (ئەگەر شاھ بولۇش ئۈچۈن ئەسلىي نەسەبى كېرەك بولسا، ماڭا لولى (سىگان) ياكى ھىن-دى، قوڭغىرات، قىيات بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.)

① بارلاس، تەرخان، ئارلات، سۆلدۇز ــ 15 ~ 16 ـ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تۈركىي تىللىق قوۋملاردۇر.

# ئىككىنچى قىسىم
# قەدىمكى قوۋم ۋە ۋەقەلەر ھەققىدىكى قوشاقلار

## 1 ـ باب
## تېلىلار (تېلەن تاغ) قوشىقى

تېلىلار ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى، ئۇلارنىڭ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخي پائالىيەتلىرى جۇڭگونىڭ تارىخ سەھىپىلىرىگە ناھايىتى تەپسىلىي پۈتۈلگەن.①

«تېلىلار قوشىقى» ئەڭ بۇرۇن ئىجاد قىلىنغان قوشاقتۇر. بۇ قوشاقتا قومۇلۇقنىڭ جەنۇبىغا كۆچۈپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزۇن ئەسىر جاپالىق ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ۋە يايلاق قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولغانلىقى، قۇملۇق ـ بوستانلىق مەدەنىيىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن گۈللىنىش ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ بوستانلىق مەدەنىيىتىنى قانداق ياراتقانلىقىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

تېلى ۋادىسى،
چوغاي ئېتىكى.②
چۈمكىگەن ئۈنى،
ئاسمان چېدىرى.

ئاسمان سۈپسۈزۈك،
چەكسىز تاغ ـ دالا.
گۈزەل يايلاقتا،
تولغان قوي، كالا.

بۇ قوشاق تەرجىمىسىنىڭ يەنە بىر خىل ۋارىئانتى:

چوغاينىڭ تاغلىرى③
باغرىدىن ئاقار،
تۇرالار دەرياسى
ئويناپ، دولقۇنلاپ.

① «قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» خەنزۇچە 113 ـــ 114 ـ بەتلەر.
② ئىچكى موڭغۇلدىكى چوغاي تېغىنى كۆرسىتىدۇ.
③ ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىن ئوچېركلار»، 21 ـ بەت.

ئاسماننىڭ گۈمبىزى
بارىگاھسىمان،
تۇرىدۇ پايانسىز
دالىنى قاپلاپ.

شۇنچە كۆپ، غۇبارسىز،
ساماۋى ئاسمان.
دالىلار بىپايان
كۆرۈنمەيدۇ قاش.

كۆرۈنۈپ قالىدۇ،
سانسىز چارۋا ـ مال.
ئەسكەندە شامالىلار،
ئوتلار ئەگسە باش.

## 2 ـ باب
## بەگقۇلى ھەققىدىكى قوشاق

مىلادىيە 5 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ قوغۇرسۇر قەبىلىسىنىڭ خانى بەگقۇلى دۈشمەنگە قارشى جەڭدە باتۇر، جاسارەتلىك بولۇپ، لەشكەرلەرگە چېۋەرلىك بىلەن باشچىلىق قىلىپ، ئالىيجاناب پەزىلىتى ئارقىلىق ئۆزىنى نامايان قىلىپ، ئەل ـ ئاۋام ئارىسىدا داڭ چىقارغان.① بۇ قوشاق — ئەنە شۇ سەردارنىڭ تەڭداشسىز كۈچ ـ قۇۋۋىتى ۋە شان ـ شەرىپى شەنىگە قارىتىپ ئىجاد قىلىنغان. بۇ قىسقا، مەزمۇنلۇق قوشاقتا ئاۋام خەلق قىزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق بەگقۇلىغا ئوخشاش چىدامىلىق، جاسارەتلىك يىگىتلەرگە جۈپ بولۇش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن.

«ۋاي كەلدى بەگقۇلى» دېگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇئان.
دەيدىكەن ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،
«بولسىدى يىگىتىم بەگقۇلى سىمان.»

① «سۈينامە»، خەنزۇچە نەشرى.

## 3 ـ باب
# چىلبۆرىلەر ھەققىدە قوشاق

مىلادىيە 7 ـ ئەسىرلەردە خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن «چىلبۆرىلەر ھەققىدە قوشاق» ناھايىتى چوڭقۇر رېئالىستىك مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاۋام ئۈستىدە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بىر توپ زومىگەر قانخورلارنىڭ ئەسلىي قىياپىتى، ئاۋام خەلقنىڭ ئاش ـ نېنىنى يەپ، قېنىنى شورىغان ياۋۇزلۇقى، خەلقنى قاڭغىر قاقشاتقان زوراۋانلىق سىياستى ۋە خەلقنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن ئېلىپ بارغان ئىسيانكارلىق ھەرىكەتلىرى، ئاخىرقى ھېسابتا بارلىق زومىگەر ـ ئاچ كۆز چىلبۆرىلەرنىڭ ھالاك بولۇپ يوقىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.①

بۇ قوشاق ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر تارىخى، جەمئىيەت تۈزۈمى، ئاۋام خەلقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا ناھايىتى پايدىلىق مەلۇمات بېرىدۇ، زور ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە.

زومىگەر چىلبۆرىلەر،
يەيدۇ نېنىمنى.
شوراپ قېنىمنى،
تالايدۇ، قويماي ھېچنېمە،
خامانىدىن ئاشلىقنى،
دەستىگاھتىن رەختىمنى.

كېلىدۇ بىر كۈن،
ئاسمان ـ زېمىن گۈم بولۇپ،
بۇلۇتلار تارقاپ،
كۈن چىقار شۇ چاغ
چىلبۆرىلەرنى يەر يۇتۇپ ...②

① خۇاتاۋ: «غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى.
② «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى.

## 4 ـ باب
## مىڭلاق يۇرۇشى ھەققىدە قوشاق

مىلادىيە 960 ـ يىلى ئالىپ تېكىن باشچىلىقىدىكى قاراخانىيلار قوشۇنى مىڭلاق (ھازىرقى غۇلجا)قا يۇرۇش قىلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن قاتتىق جەڭلەرنى ئېلىپ باردى. مانا مۇشۇ يۇرۇش توغرىسىدا خەلق ئارىسىدا نۇرغۇن قوشاقلار ئىجاد قىلىندى.

«مىڭلاق يۇرۇشى ھەققىدە قوشاق» ــ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىلى دەرياسى بويىدىكى قاراخانىيلارغا تەۋە مۇسۇلمان بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇر (تات)لار ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن قانلىق جەڭلەرنى تەسۋىرلەيدىغان بۇ قوشاقلار شۇ خىل جەڭنامىلەرنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، مەھمۇد كاشغەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نەمۇنە سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. بۇ قوشاقلار قەدىمىي جەڭ ـ ئۇرۇشلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1

كېمە ئىچىگە ئولتۇرۇپ،
ئىلى سۈيىنى كەچتۇق بىز.
ئۇيغۇر تەرەپكە يۈزلىنىپ،
مىڭلاق ئېلىنى ئاچتۇق بىز.①

2

تۈن بىلەن بېسىپ ئالدۇق،
تەرەپ ـ تەرەپكە بۆكتۈرمە قويدۇق.
ئاتلىرىنىڭ كوكۇلىسىنى كېسىپ،
مىڭلاق ئەرلىرىنى سويدۇق.②

3

كەلدى ماڭا تات
ئېيتتىم ئەمدى يات.
قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى تىلەر ئۇس③ بۆرى.

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، ئۇيغۇرچە، بىرىنچى توم، 565 ـ بەت.
② مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، ئۈچىنچى توم، 324 ـ بەت.
③ ئۇس ــ قۇزغۇن.

## 4

كەلەڭىزلەيۈ[1] ئاقتىمىز،
كەنەلەر ئۆزە چىقتىمىز.
بۇرخان ئەۋسن[2] يىقتىمىز،
بۇرخان[3] يۇزە چىچتىمىز.

## 5

قۇدرۇق[4] قاتىغ توگدىمىز،
تەڭرىگە ئۇگۇش ئۇگدىمىز.[5]
كەمشىپ ئاتىغ[6] تەگدىمىز،
ئالداپ يەنە قاچتىمىز.

## 6

بەچكەم[7] ئۇرۇپ[8] ئاتلاقا،
ئۇيغۇر داقى[9] تاتلاقا.
ئۇيغۇر ياۋۇز ئىتلاقا،
قۇشلار كەبى ئۇچتىمىز.

---

① كەلەڭىزلەيۈ ــ كەلكۈندەك.
② بۇرخان ئەۋسن ــ بۇتخانا.
③ بۇرخان ــ بۇت، مەبۇت.
④ قۇدرۇق ــ قۇيرۇق.
⑤ ئۇگۇش ئۇگدىمىز ــ ھەمدۇ سانا، مەدھىيە ئېيتىش.
⑥ كەمشىپ ئاتىغ تەگدىمىز ــ ئۇزەڭگىگە قاتتىق دەسسەپ ھۇجۇم قىلدۇق.
⑦ بەچكەم ــ بەلگە.
⑧ ئۇرۇپ ــ تاقاپ.
⑨ داقى ــ دىكى.

## 5 ـ باب
## «ئىلا» (ئىلى) ھەققىدە قوشاقلار

مىلادىيە 960 ـ يىللىرى قاراخانىيلار قوشۇنلىرى ئىلا (ئىلى)غا يۈرۈش قىلىپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدا نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ ئىشلار تارىختا ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. ئىلا (ئىلى) ھەققىدىكى قوشاقلاردا ئىلى ۋادىسىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسى، ئاھالىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرى، ھاكىمدارلارنىڭ پەزىلەت ـ خۇلقلىرى، ئىلى خەلقىنىڭ باتۇر، مەرد ئوبرازى قاتارلىقلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا نەمۇنىلەر سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن، ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

### 1

841. ئىشتىكىن، نىمە دەر ئىلا ئاتلىقى،[①]
ئىش ئىشلەپ چوڭايغان كىشى قۇتلۇقى.

842. خادىم بەگ ئىشىغا باغلاركەن بېلىن،
قاتتىق تۇتقۇلۇق بەگ سۆيۈنچى يولىن.

843. بۇ بەگلەر ئۈمىدىچە قىلغىن تاپۇغ،[②]
رىزا بولسا بەگلەر ئاچار بەخت قوۋۇق.

844. تاپۇغچى تاپۇغ بىلسە تۆرگە چىقۇر،
تاپۇغ بىلمىسە تۆردىن پەسكە چۈشۈر.

### 2

1779. نىمە دەر ئۇ ئىلى بېگى ئاڭلىغىن،
بۇ سۆز مەنىسىن سۆزگە ئۇل ئەيلىگىن.

---

① ئىلا ئاتلىقى ــ ئىلىنىڭ يۇرت باشلىقى، يۇرت ئاتىسى، يۇرت ئاقساقىلى مەنىسىدە.
② تاپۇغ ــ خىزمەت، خىزمەت قىلىش، ئەل ئۈچۈن ئىشلەش مەنىسىدە.

1780. بىلىمسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بۇزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1781. ئەقىللىققا تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بىرەر ئەلگە ھۇزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۇت.

**3**

نىمە دەر ئىشتىكىن، ئىلى ئەركىسىنى،[①]
ئۇ ئىپتار خىزمەتچى قائىدە ـ يوسۇنى.

كۆرەرسەن قىيىن ئىش بۇ بەگلەر ئىشى،
ھەرقانچە كۆپ ئىشلەپ يارىماس كىشى.

ياراپ قالسا ئىش، ئۆزگە ئەركىسىز بولۇر،
يارىماس ئىش ئىپتىبارسىز قالۇر.

**4**

1629. دىمىش بەكمۇ ياخشى ئىلى ئاتلىقى،
خەلقىنىڭ كاتتىسى ــ ئەلنىڭ قۇتلۇقى.

1630. يىتىشتۇرسە بەگلەر سوزۇپ قول كىشىن،
يېقىنلاپ بولۇر باش بىگىدىن كىيىن.

1631. يېقىن تۇتسا بەگلەر ئۆزىگە كىمنى،
يېقىنلار تىلەكى ــ ئارزۇ قىلغىنى.

**5**

2319. نىمە دەر ئىشتىكىن ئىلى ئاتلىقى،
تۇزۇ ـ ناننى كەڭ قىل، كىشى قۇتلۇقى.

2317. تۇزى ھەم نىنى، ئىشى كەڭ بولغۇلۇق،
ئاڭا ئات، قۇرال، تونمۇ تەڭ بولغۇلۇق.

---

① ئىلى ئەركىسى ــ ئىلىنىڭ ئۇلىما، ئاقساقال، چوڭلىرى.

2318. ئاش ئىچمەك، تۇزۇ - نان ئەر ئاتىن يايۇر،
يېمەك - ئىچمەك تىرىكلىك ئىلاجى ئېرۇر.

**6**

2696. ئىشىتكىن، نېمە دەر ئىلى كاتىپى،
ئەجەبمۇ ياخشىدۇر يېزىش ئۇسلۇبى:

2697. پۈتۈن ياخشى سۆزلەر پۈتۈكتە بولۇر،
پۈتۈلگەن ئۈچۈن سۆز ئۇنتۇلماي قالۇر.

# ئۈچىنچى قىسىم
# قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى قوشاقلار

## 1 ـ باب
## ئىلاھ ھەققىدە قوشاق

ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت دىنى بولغان مانى دىنى ھەرخىل مەدەنىيەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ۋە ئۇ مەدەنىيەتلەر ئۆزلەشتۇرۇلۇپ، سىستېمىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ياراتتى. تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، تۇرپاندىن تېپىلغان مانى يازمىلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان. ئىلاھنى مەدھىيىلەيدىغان قوشاقلار ئۇيغۇر مانى يازمىلىرىدا ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. «بۈيۈك ئىلاھ ھەققىدە قوشاق» لار 1922 ـ يىلى لېكوك تەرىپىدىن، 1930 ـ يىلى بانگى بىلەن گابائىن خانىم تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان. بۇ قوشاقلار ۋە ئۇلاردا ئىشلىتىلگەن نۇرغۇن سۆزلەر ھازىرقى تىلىمىزدىمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىڭ يىل بۇرۇنقى ساپ دەۋرى ۋە ئەدەبىي ھالىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ.

تاڭ تەڭرى كەلتى،
تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلتى.
تاڭ تەڭرى كەلتى،
تاڭ تەڭرى ئۆزى كەلتى.

يەشمىسى:

(تاڭ تەڭرىسى كەلدى،
تاڭ تەڭرىسى ئۆزى كەلدى.
تاڭ تەڭرىسى كەلدى،
تاڭ تەڭرىسى ئۆزى كەلدى.)

تۇرۇڭلار قاماغ بەگلەر قاداشلار،
تاڭ تەڭرىگە ئۆگەلىم.

يەشمىسى:

(تۇرۇڭلار، بارلىق بەگلەر، قېرىنداشلار،
تاڭ تەڭرىسىگە مەدھىيىلەر ئوقۇڭلار.)

كۆرۈگمە كۈن تەڭرى،
سىز بىزنى كۈزەدىك.
كۆرۈنۈگمە ئاي تەڭرى،
سىز بىزنى قۇرتقازىڭ.

يەشمىسى:

(قۇياش تەڭرى كۆردىڭىز،
قوغداپ قېلىڭ بىزنى سىز.
ئاي تەڭرىمۇ كۆرۈندى،
ۋاي قۇتقۇزۇڭ بىزنى سىز.)

تاڭ تەڭرى
يىدلىغ يىپارلىغ.
يارۇقلۇغ ياشۇقلۇغ
تاڭ تەڭرى
تاڭ تەڭرى.

يەشمىسى:

(تاڭ تەڭرىسى،
خۇش پۇراقلىق، ئىپارلىق.
پارلاق، نۇرلۇق،
تاڭ تەڭرىسى،
تاڭ تەڭرىسى.)

تەڭرى يارۇق كۈچلۈگ بىلگەكە يالۋارار بىز،
ئۆتۈنۈر بىز كۈن ئاي تەڭرىگە
ياشىن تەڭرى نوم قۇتى،
مارمانى فەرشتىلارغا.

يەشمىسى:

(تەڭرى، سىزدەك يورۇق ۋە كۈچلۈك دانىشمەنگە يالۋۇرىمىز،
كۈن، ئاي تەڭرىلىرىگە ئىلتىجا قىلىمىز.
ئىلتىجا قىلىمىز نۇرلۇق تەڭرى، نوم بەختى،
مارمانى ۋە پەرىشتىلەرگە.)

قۇت بولۇر بىر تەڭرىمە،
ئەتئوزومۇزنى كۈزەدىڭ.
ئۆزوتومۇزنى بوشۇڭ.

يەشمىسى:

(ئەي تەڭرى سىزدىن بەخت تىلەيمىز
قوغداڭ جىسمىمىز
هۆر قىلىڭ روھىمىزنى !)

قىۋ قولۇر بىز يارۇق تەڭرىلەرگە،
ئادا سىزىن تۇرالىم
ئۆگرۈنچىلىگىن ئەرەلىم.

يەشمىسى:

(يورۇق تەڭرىلەردىن سائادەت تىلەيمىز،
بىزنى بالا ـ قازادىن ساقلىسۇن.
خۇشال ـ خۇرام بولايلى[1].)

[1] بۇ قوشاقلارنى شەرىپىدىن ئۆمەر، ق. باراتلار تەرجىمە قىلغان. «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 80 ـ يىللاردىكى سانى. شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 95 ـ بەت.

## 2 ـ باب
## ئاپرىنچۇر تېگىن قوشاقلىرى

ئاپرىنچۇر تېگىن ــ ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنى قوبۇل قىلغان چاغلاردا ياشىغان ئۇلۇغ ئەدىب. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۇيغۇر بەدىئىي تىلىنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى.①

تارىخىي مەنبەلەردە خاتىرىلىنىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي شامان دىنىدىن كېيىن، مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى مەدەنىيەت، ئىدېئولوگىيە تارىخىدىكى زور بۇرۇلۇش بولدى. ئارخېئولوگلار تۇرپاندىن تاپقان 24 خىل يېزىق، 17 خىل تىلغا تەۋە مانى يازمىلىرى بۇ پىكىرنى ئىسپاتلايدۇ. ئاپرىنچۇر تېگىن قوشاقلىرى ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلىدۇر.②

1

بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەدگۇسى رەدنى تىيۇر،
بىزنىڭ تەڭرىمىز ئەدگۇسى رەدنى تىيۇر.
رەدنىدە يىگ مەنىڭ ئەدگۇ تەڭرىم ئالپىم بەكرەكىم،
رەدنىدە يىگ مەنىڭ ئەدگۇ تەڭرىم ئالپىم بەكرەكىم.

يەشمىسى:

(تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دەيدۇ،
تەڭرىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى گۆھەردەك دەيدۇ.
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم ـ باتۇرۇم، قۇدرەتلىكىم، گۆھەردىنمۇ ئېسىل،
مېنىڭ ياخشى تەڭرىم ـ باتۇرۇم، قۇدرەتلىكىم، گۆھەردىنمۇ ئېسىل.)

بىلەگۇ سۇز يىتى ۋاجىر تىيۇر،
بىلەگۇ سۇز يىتى ۋاجىر تىيۇر.
ۋاجىردا ئوتۇۋى بىلىگلىگىم تۇرۇنۇم يارۇقۇم،
ۋاجىردا ئوتۇۋى بىلىگلىگىم بىلگەن ياڭام.

يەشمىسى:

(بىلىمىسىمۇ ئىتتىك بولغاچقا ئالماسنى كېسەر دەيدۇ،
بىلىمىسىمۇ ئىتتىك بولغاچقا ئالماسنى كېسەر دەيدۇ.
سىز ئالماستىنمۇ ئۆتكۈر بىلىملىكىم، پەزىلەتلىكىم، نۇرلۇقۇم،
سىز ئالماستىنمۇ ئۆتكۈر بىلىملىكىم، دانىشمىنىم، پىلىم.)

كۆن تەڭرى ياروقىن تەگ كوكۇزلوگۇم بىلگەم،
كۆن تەڭرى ياروقىن تەگ كوكۇزلوگۇم بىلگەم.

---

① س. مالوف: «قەدىمكى تۈركىي تىللار يازما يادىكارلىقلىرى»، 179 ـ، 187 ـ بەتلەر، رۇسچە.

② تۈركشۇناس مەشھۇر ئالىم رەشىت رەھمەتى (1900 ــ 1964) «قەدىمكى تۈرك شېئىرلىرى» ناملىق كىتابىدا بۇ دەۋرگە ئائىت 27 پارچە شېئىرنى ۋە بىر پال كىتابىنىمۇ ھازىرقى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزگەن. بۇ 27 پارچە شېئىرنىڭ يەتتىسى مانى مەزمۇنىدا، 20 سى بۇددا مەزمۇنىدا بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى 8 ـ ئەسىر بىلەن 13 ـ ئەسىرنىڭ ئارىسىدا يېزىلغان دەپ بېكىتىلگەن.

شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە، 93 ـ بەت.

كورتله تۇزۇن تەڭرىم، كۇلۇگۇم، كۆزۈنچۈم،
كورتله تۇزۇن تەڭرىم، بۇرقانىم، بولۇنچۇزۇم.

يەشمىسى:

(كۆڭلى كۈن تەڭرىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم،
كۆڭلى كۈن تەڭرىنىڭ نۇرىدەك دانىشمىنىم.
گۈزەل، پەزىلەتلىك، شۆھرەتلىك، قوغدىغۇچى تەڭرىم،
گۈزەل، پەزىلەتلىك، تەڭداشسىز بۇرخانىم تەڭرىم.)

## 2

بۇ دەۋردە يېزىلغان ئۇيغۇر نەزمىلىرىنىڭ كۆپى تۆت، ئۈچ، ئىككى مىسرالىق بېيىت شەكلىدە يې-زىلغان.① ئاپرىنچۇر تېگىننىڭ مۇھەببەت ھەققىدە ئۆزى ئىجاد قىلغان بىر قوشىقىدىن نەمۇنە:

ئا ...
مىسلى يوق مېنىڭ يارىم ...
مېنىڭ سۆيۈملۈك جانىم.

يارنى ئويلاپ ھەسرەتتە،
قاشى قارانى كۆرگەندە،
بىللە بولسام سۆھبەتتە.

ئۆز يارىمنى ئويلايمەن،
ئويلايمەنۇ ـ ئويلايمەن،
يارنى سۆيمەك ئىستەيمەن.

كەلمەكچى بولاي دەيمەن،
گۈزەل يار كېتەلمەيمەن،
مەرھەمىتىڭنى كۈتىمەن.

كىرەي دېسەم كىچىكمەن،
قېشىڭغا كىرەلمەيمەن،
مۈشكى ـ ئەنبەر پۇرايسەن.

نۇرلۇق تەڭرى بۇيرۇسۇن،
يارىم خۇش پېئىل بولسۇن،
مەڭگۈ مەن بىلەن بولسۇن.

تەڭرى كۈچ ـ قۇۋۋەت بەرسۇن،
يارىم مەرھەمەت قىلسۇن،
كۆلە ـ كۆلە ئولتۇرسۇن.

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، ئۇيغۇرچە 96 ـ بەت.

## 3 ـ باب
## «ئالتۇن يارۇق»تىكى قوشاقلار

«ئالتۇن يارۇق» ـــ مىلادىيە 10 ـ ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن مەشھۇر ئەسەر. «قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى» دىكى مەلۇماتلار ۋە ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇنى 10 ـ ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا قوچو ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ يازلىق پايتەختى بېشبالىقتا ياشاپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان مەشھۇر تىلشۇناس، ئاتاقلىق شائىر، تەرجىمىشۇناس سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئىجاد قىلغان. سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن باشقا يەنە تۇخار تىلى، ئەنەتكەك ـ سانسكرىت تىلى، تاڭغۇت تىلى قاتارلىق تىللارنى پىششىق ئىگىلىگەن بولۇپ، قاراغوجا، جىمىسار قاتارلىق جايلاردا بالا ئوقۇتۇپ، ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ، ئىلىم ـ پەن، مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. «ئالتۇن يارۇق» ئەينى زاماندىكى بۇددىزمغا دائىر كىتابلار ئىچىدە بولۇپمۇ، بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپى ئاردىسىدا ئەڭ مۇقەددەس دەستۇر ھېسابلانغان. «ئالتۇن يارۇق» گەرچە بۇددىزم مەزمۇنىدىكى ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىزنىڭ قەدىمكى تارىخىي يادىكارلىقىمىز بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۇرلۇك ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن كاتتا ئەھمىيەتكە ئىگە.

نەئادا ئەرتى ئاتايىم،
كۆركلەكىئە ئۇگۇكۇم،
ئۆلمەك ئەمگەك نەچۈكىن
ئۆڭرە كەلىپ ئەرتتۇردى؟

يەشمىسى:

(نە بالا بولدى تايچىقىم،
ئوماقىقىنا قوزام؟
نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ زۇلمى،
ئالدى بىلەن ساڭا كەلدى؟)

سىنىتىدە ئۆڭرە ئۆلمەكىگ،
بولايىن ئاي كۈن كىئەم.
كۆرمەيىن ئەرتى مۇنىتەگ،
ئۆلۈغ ئاچىغ ئەمگەكىڭ.

يەشمىسى:

(سەندىن بۇرۇن ئۆلۈشكە،
رازى ئىدىم، ئەي مېنىڭ قۇياشىم!
مۇنداق قاتتىق ئازابنى،
ئەمدى مەن زادى كۆرمەي.؟)①

① گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار تەييارلىغان «ئىدىقۇت پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى، 1981 ـ يىلى، 2 ـ سان.

## 4 - باب
## «دالا ناخشىسى»

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق بىر سەھىپىسى يارىتىلىپ، مەدەنىيەت جەھەتتە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلگەن. «دالا ناخشىسى» ئەنە شۇ دەۋردە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مىللىي مىراسلىرىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى سۈپىتىدە تارىختىن ئورۇن ئالغان. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىيات تىلىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىش، ئۆزگىرىش، تەرەققىي قىلىش، كېڭىيىش، داۋاملىشىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش ھەمدە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر تۈرلۈك مەزمۇن، تۈرلۈك تەپسىلاتلارنى يورۇتۇشتا ئىشەنچلىك ئاساس بولالايدۇ، قىممىتى ناھايىتى زور.

ئالقۇزو تۇرۇر قات - قات تاغدا،
ئامىل ئاغلاق ئارانياتاندا①
ئارتۇچ سۆگۈت ئالتىنىنتا،
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئامرانچىغىنى ئۇچداچى قۇشقىئالار
تىرنىلىك قوۋراغلىقتا.
ئاتقا غىسزىن مەنگى تەگىنگۈلۈگ ئۇل
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.

يەشمىسى:

(قاتار كەتكەن قات - قات تاغدا،
تىنچ، راھەت ئارانياتاندا.
قارىغاي، ئارچا ئالدىدا،
شارقىراپ ئاققان سۇ بويىدا،
شادلىقتا ئۇچار قۇشلار
يىغىلىدىغان قورۇقلۇقتا.
غەم - ئەندىشىسىز، كىشىنى شادلاندۇرىدىغان
شۇنداق ئورۇنلاردا.)

ئىچ تەرىڭ قات بۆك تاغدا
ئىركەكى سۆكى ئارانياتاندا
ئىدىزىتكىن قايالىق باسقۇقلۇغ ئەرىپ
ئىدىز تىكسىزدە
ئىمرت چوغۇرت سۆگۈت ئاراشتا

① ئارانياتان — سانسكرىتچە سۆز، ئورمان مەنىسىدە.

ئىنچىگە ـ كىئە سۇۋقىدىغىندا
ئىلىنمەكسىز ديان ئۇلۇر غۇلۇغ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا.

يەشمىسى:

(قات ـ قات كەتكەن بۇك تاغدا،
قەدىمكى ئارانياتاندا،
ئېگىز، تىك قىيا ئاستىدا،
ھەممە يېرى جىمجىتلىققا چۆككەن،
ئىرماش ـ چىرماش ئورمانلىقتا،
ئىنچىكە سۇ قىرىدا،
تىنچ، خاتىرجەم ئولتۇراقلىششقا لايىق
ئاشۇنداق ئورۇنلاردا.)

سەلىك بولۇك تەرىك تاغدا،
سەۋگىلىگ ئارانياتاندا
سەۋرەلىت ئاقار سۇۋلۇغ ئەرىپ
سەپ سەم ئاغلاقتا
سەكسىز تۇرلۇگ يىئىللەر ئۇزە تەپرەمەدىن
سەرىلىپ ئانتا
سەرە يالڭۇزىن نوم مەڭسىن تەگنگۆلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

يەشمىسى:

(يىراق جىلغا، ئىچكىرى تاغدا،
سۆيۈملۈك ئارانياتاندا،
زۇمرەت سۇلۇق ئارىسىدا
جىمجىت بوز يەردە،
ھەر قانداق شامال تەگمەيدىغان
(ئۇ) سۇرلۇك جايدا،
تەنھا ئولتۇرۇپ پەيزى سۇرىدىغان
شۇنداق ئورۇنلاردا.)

كۆكۈرۈپ تۇرۇر كۆركلۈگ تاغدا،
كۆڭۈل ياراشى ئاغلاق ئورۇنتا
كۆپ يىگى تەلىم سۆگۈتلۈك ئەرىپ
كوپىرۈپ تۇرۇر كۆلمەن سۇۋلۇقتا
كۆز باشلاپ قاچىغاخىلارىن يىغىپ

كۆرۈنمش بىلمىشچە ئورۇنلارتا.
كۇسەنچىگىسزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

يەشمىسى:

(دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغدا،
كۆڭۈلنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان جايدا،
بۈك - باراقسان ئورمانلىقتا،
سۈيى ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان جىلغىلىقتا.
ئالتە ئوغرى[1] نىڭ تەھدىتىدىن خالىي
ھەممە يېرى بىلەن پىششىق تونۇش،
غەمسىز، كۆڭۈللۈك،
شۇنداق ئورۇنلاردا)[2].

① ئالتە ئوغرى — بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، ئادەمنىڭ ئالتە سەزگۈ ئەزاسى: يەنى كۆز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن، كاللىنى كۆرسىتىدۇ.

② گېڭ شىمىن، تۇرسۇن ئايۇپ: «ئىدىقۇت پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر»، «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1981 - يىلى، 2 - سان.

# 5 - باب
# بۆرە ھەققىدىكى قوشاقلار

بۆرە — ئۇيغۇرلارنىڭ توتېمىنىڭ بىرى. قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى توتېمىزم ئېتىقادىنىڭ تەسىرىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. بۇ قوشاق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق قوۋم - مىللەتلەرنىڭ ئەجدادىنىڭ كۆك بۆرىنى ئۆزىگە توتېم قىلغانلىقىنى، ئالتاي تاغلىرى ئارىسىدا كۆك بۆرىنىڭ ئوغۇزخانغا يول باشلىغانلىقىغا دائىر تارىخىي ۋەقەلىكلەرنىڭ چىن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بۆرە ھەققىدىكى قوشاقلار توتېم مەدەنىيىتى ھادىسىلىرىنى ئۆگىنىش، تەھلىل قىلىش - تەتقىق قىلىش ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ توتېم مەدەنىيىتىنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى باغلاپ چۈشىنىشتە زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

كۆك بۆرە تەگ سېنى بىرلە يۈرەيىن
قارا قوزغۇنتەگ تۇپراق ئۈزە قالايىن،
ئىگىكە كۆمۈرى،
بىلەگۈكە يارتەگ بولايىن.

يەشمىسى:

(كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە ماڭاي،
قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي.
ئاغرىق - سىلاققا داۋا كۆمۈردەك،
بىلەيگە سۇرمە بولاي.)

ئەركلىك ئۇلۇغ ئىلگىمىز ئەرۈرسىز،
ئالتۇنچا تومىش
تومۇلۇنچا تومېش
قۇتلۇغ بىلگە بەگمۇز ئەرۈرسىز.

يەشمىسى:

(سىز بىزنىڭ قۇدرەتلىك پادشاھىمىز،
سىز ئالتۇندەك پاكىز،
مەرۋايىتتىن ساپ،
قۇتلۇق، دانا بېگىمىزسىز.)

يىمە قالىن قارا بودۇنۇڭوزنى،
كەڭ قويۇنۇڭۇزدا
ئۇزۇن، كەڭ، ئەتەكىڭدە
كۆيۈ كۆزە دۇتۇتۇپ ئاچنۇ ئىگدۇرسىز.①

يەشمىسى:

(سىز بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى،
كەڭ قوينىڭىزدا،
ئۇزۇن، كەڭ ئېتىكىڭىزدە
مېھربانلىق بىلەن باقتىڭىز.)

① «ئىدىقۇت پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر»دىن تاللاپ ئېلىندى.

## 6 ـ باب
## بىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىش توغرىسىدا قوشاقلار

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىش ناھايىتى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. يۇقىرادىن تارتىپ تاكى بەگ، پادىشاھلارغىچە بىلىم ـ ھۈنەر ئۆگىنىشنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى، زۆرۈرلۈكىنى تەرغىب قىلغان. بۇ قوشاقلار ئەنە شۇ دەۋرنىڭ مۇھىم بەلگىسى سۈپىتىدە خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.①

بىلىگ بىلىڭ يا بەگىم،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.
بىلىگ بىلگەن ئول ئەركە،
بىر كۈن دۆلەت تۈش بولۇر.

يەشمىسى:

(بىلىم ئۆگىنىڭ، ئەي بېگىم،
بىلىم سىزگە ھەمراھ بولىدۇ.
بىلىم ئۆگەنگەن ئەرگە،
دۆلەت ئاخىر يار بولىدۇ.)

بىلىگ ئەر بىلىنىگە،
تاش قورسانسا قاش بولۇر،
بىلىگسىزنىڭ يانىغا،
ئالتۇن قويسا تاش بولۇر.

يەشمىسى:

(بىلىملىك ئەرنىڭ بېلىگە قىستۇرۇۋالغان تېشى
قاشتېشىغا ئايلىنىدۇ.
بىلىمسىزدىكى ئالتۇن،
تاشقا ئايلىنىپ كېتىدۇ.)

① «ئىدىقۇت پادشاھلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر»دىن تاللاپ ئېلىندى.

# 7 ـ باب
## ئاتلار سۆزى ھەققىدە قوشاقلار

«ئاتلار سۆزى ھەققىدە قوشاقلار» ئەڭ دەسلەپ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۇ ـ نىڭدا ئەينى دەۋردىكى قوچو (ئىدىقۇت ـــ تۇرپان) ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي قاراشلىرى، سۆز ـ ئۇتۇقنىڭ گۈزەل، يېقىملىق، تەسىرلىك بولۇشىدىكى ئاساسىي ئۆلچەم، ئاساسىي پرىنسىپلار، پە ـ زىلەتلىك، ياخشى كىشىلەردىن ئۆگىنىش ھەم ئۇنداق ئادەملەرنى ھۆرمەتلەش، ئۇلار بىلەن سۆھبەت قۇ ـ رۇش، دوست بولۇشقا دائىر توغرا تەشەببۇسلار، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنى، ئۇلارنى قەدىرلەش، ئۇلارغا ئىشىنىش، پەزىلىتىگە قايىل بولۇش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى دەۋردە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە قارىتىلغان سىياسىي، ئىدىيە، ئەخلاق تەربىيىسى قۇرۇ ـ لۇشى ۋە پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.①

قىلماغۇ قىلىقلارنى،
ئاشىنۇ چاسانمىش كەرەك.
سانمادىن قىلمىشتاكىن
نەتىگىن تانمىش كەرەك.

يەشمىسى:

(قىلماسلىققا تېگىشلىك قىلىقلارنى،
ئالدى بىلەن ئويلاش كېرەك.
ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن،
ئۇنىڭدىن تانماسلىق كېرەك.)

كىرىككەن تونلەر كىرىن،
سۇۋ ئۇزە يۇمۇش كەرەك.
سۆز كىرى كەتمەس يۇسا
نەتىگىن قىلمىش كەرەك.

يەشمىسى:

(كىر باسقان كىيىمنىڭ كىرىنى،
سۇ بىلەن يۇسا چىقىپ كېتىدۇ.
سۆز كىرىنى يۇيۇپ چىقىرىشنىڭ،
ھېچقانداق ئامالى يوق.)

---

① «ئىدىقۇت پادشاھلىقى دەۋرىدىكى شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر»دىن تاللاپ ئېلىندى.

ئەيىبسىز تىشكە ئەر،
بويۇنىن سۇنمىش كەرەك.
ئول ئانتاغ تۇزۇن بىرلە،
تىرىگلىك قىلمىش كەرەك.

يەشمىسى:

(ئەيىبسىز ئاياللارغا،
ئەرلەر بوينىنى ئېگىشى كېرەك.
ئۇنداق ھەققانىي ئايال بىلەن،
ئۆمۈر بويى بىرگە تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك.)

ئاقىقات بولسا تۇزۇن،
ئاڭا جان بەرىش كەرەك.
مەڭى چىن ئول مەڭى ئوق،
تاقى نە ئايمىش كەرەك.

يەشمىسى:

(ھەقىقەت توغرا بولسا،
ئاڭا جاننى بېرىش كېرەك.
پاكىت بەربىر پاكىت،
ئۇنىڭغا يەنە نېمە دېيىشنىڭ ھاجىتى بار؟)

ئىش قىلغۇ ئەدگۇ ئىشنى،
كۆركىتۇر كۆنى يولنى
كەسمەڭلار ئەگرى تالنى،
تۆبەسىنتە مېۋە بار.

يەشمىسى:

(دوست بولساڭ ياخشى بىلەن دوست بول
ئۇ ساڭا توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.
ئەگرى تال دەپ كېسىۋەتمەڭلار،
ئۇنىڭ شاخلىرىدا مېۋىسى بار.)

ئەردەملىك كىشى ئەردىن بىرلە تۇز ئول،
ئەردەمسىز كىشى ئۆتۆك ئىچىندەكى ئولياق بىرلە تۇز ئول.

يەشمىسى:

(پەزىلەتلىك كىشى گۆھەر،
پەزىلەتسىز كىشى پېتەك.)

بۇيانلىغ كىشى بۇرقانلا بىرلە تۇز ئول،
بۇيانسىز كىشى يوق باقىر بىرلە تۇز ئول.

يەشمىسى:

(ساۋابلىق ئىش قىلغۇچى بۇرخاندۇر،
ئىنساپسىز كىشى ئەسكى مىستۇر.)

بەگىم سىنمەيۈك بەگ بولسا،
بەلتى سايۇ بەلگە سالۇر.
ئاتاقىم سىنما يۇق ئاتىغ بولسا
ئارت سايۇر ماياقا يۇر.

يەشمىسى:

(ئەمەل تۇتمىغان كىشى ئەمەل تۇتسا،
ھەر دوقمۇشقا قامچا قويۇر.
ئاتىقى چىقمىغاننىڭ نامى چىقسا،
ھەر بىر تاغ ئۆتكىلىگە بەلگە سالۇر).

يامغۇر ياغسا قاروك بولسۇن،
ياپىنغۇ كەرگەك.
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە،
ئابىنغۇ كەلگەك.

يەشمىسى:

(يامغۇر ياغقاندا يېپىنچاڭ بولسا،
يېپىنىۋال.
ياۋۇز ئادەم يېقىنلاشسا،
ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىل!)

قوچو تاغىنتا قاپلان يوق،
قۇدۇق سۇۋىدا بالىق يوق.

يەشمىسى:

(قوچو (تۇرپان) تاغلىرىدا قاپلان يوق،
قۇدۇقنىڭ سۇيىدە بېلىق يوق.)

ئەر قۇتى بەلىڭ،
سۇۋ قۇتى تەرىڭ.

يەشمىسى:

(ئەرنىڭ بەخت ـ سائادىتى قورقماسلىقتا،
سۇنىڭ بەخت ـ سائادىتى چوڭقۇرلۇقتا.)

## 8 ـ باب
## ئۆلۈم تەسۋىرى ھەققىدە قوشاقلار

«ئۆلۈم تەسۋىرى ھەققىدە قوشاقلار» ــ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلغان جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى، بۇ قوشاقلار پۈتۈنلەي مانىزم ئىدىيىسى بىلەن قويۇق بىرلەشكەن ئاساستا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدا ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تەسۋىر ئۇسلۇبى قوللىنىلغان، بولۇپمۇ ئۆ-لۈم ئالدىدىكى «قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرى» (گۆر ئىچىدىكى مۇنكىر ـ نىكىرلار)نىڭ قىياپەت تەسۋىرلىرى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن سۈرەتلەنگەن. بۇ قوشاقلار ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي ئىپا-دىلەش ئۇسۇللىرىنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكى دەۋرگىچە بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسىنى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان رولغا ئىگە.

تۆرت ئىلىنگ تەڭرىلەردە تانغىمالار،
تەڭرى نومىن تۇداغىمالار.
تۇنەرىگ يەكلەركە تاپۇنۇغمالار
تۇمەنلىگ ئىرىنچۇ قىلغىمالار.

يەشمىسى:

(تۆت ئىلىك تەڭرىدىن تانغانلار،
تەڭرىنىڭ كىتابىنى نەزەرگە ئىلمىغانلار.
قاراڭغۇلۇق شەيتانلىرىغا تېۋىنغانلار،
تۇمەنلەپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولىدۇ.)

تاردىچ تەگ ئەتئۇزىن قۇدۇرتيۇر،
تاۋارى تۇرغۇرۇر قالىر يىتۇر،
تەترۇ ساچلىغ قۇرتغا يەك كەلىرتيۇر،
تولىلىغ بۇلىت تەگ تۇتقى قاشلىغ تىتۇر.

يەشمىسى:

(ئۇلارنى تاردىچتەك يەرگە ئېتىپ تاشلايدۇ،
ئۇلارنىڭ مال ـ دۇنياسى قالىدۇ.
تەتۇر تۇكلۇك چىشى شەيتانلار يېتىپ كېلىدۇ،
بۇ شەيتانلار قويۇق بۇلۇتتەك تۇم قارا قاشلىقتۇر.)

قانلىغ بۇقاچ تەگ قاراقى تىيۇر،
قاشغۇق تەگ قارا بوي ئەمكى تىيۇر،
بۇرنىنتا بوز بۇلىت ئۇنۇر تىيۇر.
تامغا قىنتا قارا تۇتۇن تاشقا تىيۇر①.

يەشمىسى:

(بۇ شەيتانلارنىڭ كۆز قارىچۇقى قانلىق كومزەككە،
قارا ئەمچەكلىرى قوزۇقا ئوخشايدۇ.
بۇرۇنلىرىدىن كۇل رەڭ بۇلۇتلار چىقىدۇ،
ئېغىزلىرىدىن قارا تۇتۇن بۇخسۇپ تۇرىدۇ.)

① «قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى»دىن تاللاپ ئېلىندى.

# 9 ـ باب
# مانى قوشاقلىرى

مانى دىنى ئىرانلىق مانى دېگەن كىشى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. ئۇيغۇرلارغا مىلادىيە 762 ـ يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد خاقانى بۆگۈ قاغان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان. بۆگۈ خاقان مانى دىنىنى دۆلەت دىنى دەپ جاكارلىغان.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، تۇرپاندىن تېپىلغان ئىران يېزىقىدىكى مانى دىنى قوليازمىسى (V1141M) نىڭ سول كالۇنىنىڭ 5 ـــ 10 قۇرلىرىدا «مانى ناخشىسى» يېزىلغان. بۇ ناخشا مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى مانىنىڭ ئىدىيىسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ①.

«مانى قوشاقلىرى» ـــ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مانىزم ـ بۇددىزم جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۇرگەن. بۇ قوشاقلاردا مانى دىنىنىڭ ئىجادچىسى مانىغا بولغان سېغىنىش، ھۆرمەت ـ ئېھتىرام ۋە ئۇنىڭغا بولغان ياخشى تىلەك، ئارزۇلار ئىپادىلەنگەن.

«مانى قوشاقلىرى» ـــ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتكە ئۆتۈشتىن ئىلگىرىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكى، مۇزىكا ئالاھىدىلىكى، يېمەك ـ ئىچمەك ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

1

ئانۇنى تۇمۇز سىزىگە
ئاسرا كۆكۈلىن يۆكۈكەلى
ئالىڭ ئامىتى ئۇمۇغ ئىناغ،
ئالقۇنۇڭ بارچا يۇكۇگىن.

يەشمىسى:

(سىزگە ئېھتىرام بىلدۈرمەك ئۈچۈن،
بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزغا يىغىلدۇق.
ھەي سىز بىزنىڭ ئۈمىدىمىز ۋە ئىشەنچىمىز،
ئەمدى سىز جامائەتنىڭ ئېھتىرامىنى قوبۇل قىلىڭ.)

تۇتچى ئۇزوكسۇز مۇنى تەگ
تۇغۇمۇغ ئاجۇنۇغ ئۇنىتماغلىغ.
توز تۇپراققا باتىلىپ،
تۇرقارو مونقول ئەرىتلەر.

يەشمىسى:

(ئىنسانلار دائىم دېگۇدەك قايتىدىن دۇنياغا
كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.
ئۇلار تۇپراق ئىچىگە كىرگەن چېغىدا،
ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ ۋە سەزمەيدۇ.)

---

① خەنس يۇئاخىم كىلىمكايىت: «قەدىمكى مانى دىنى سەنئىتى»، گۇاڭجۇ، 1989 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 44 ـ بەت.

ئاز نىزۋانىقا ئاغۇقۇپ
ئارتا يۇيۇقات تۇرۇرتا.
ئامۋاردىشىنلىغ ئوت ئۇزە،
ئاڭا يۇرون تەگ قىلتىڭىز.

يەشمىسى:

(ئۇلار ئاچ كۆزلۈكىدىن زەھەرلىنىپ،
ئۆزلىرىنى مەھكۇم قىلماقتا.
سىز ئامۋاردىشىنىڭ چۆپىدىن،
ئۇلارغا شىپالىق دورا ياساپ بەردىڭىز.)

ئۆۋكەنىزۋانى ئۇزە قۇتۇرۇپ
ئۆگىسىز كۆڭۈلسىز ئەرتىلەر.
ئۆز تۆزلەرىن ئاقىتىپ،
ئۆگلەرىن كۆڭۈللەرىن يىغتىڭىز.①

يەشمىسى:

(ئۇلار ئاچ كۆزلۈك ئوتىدىن قۇتراپ،
ئەس ـ ھوشنى يوقىتىپ قويدى.
سىز ئۇلارغا ئەسلىنى ئەسلىتىپ،
ئۇلارنى ئەس ـ ھوشىغا كەلتۈردىڭىز.)

**2**

تۇغۇلدۇم مەن بابىلۇن،
ئاتالغان شۇ زېمىندىن.
تۇغۇلدۇم مەن بابىلۇن،
ئاتالغان شۇ زېمىندىن.

مېنىڭ تۇرغان جايىمدۇر،
ھەقىقەت بوسۇغىسى.
مەن ئۆزۈم بىر ناخشىچى،
ھەم ناخشا ئاڭلىغۇچى.

كەلگەن يېرىم بابىلۇن،
ئاتالغان ئول زېمىندىن.
كەلدىم مەن بابىلۇن،
ئاتالغان ئول زېمىندىن.

ئاڭلا چەكسىز بۇ جاھان،
نەزمىلىرى مېنىڭدىن.②

① «قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى»دىن تاللاپ ئېلىندى.
② «تۇرپانشۇناسلىق تەتقىقات مەجمۇئەسى»، 2003 ـ يىلى، 1 ـ سان، 39 ـ بەت.

## 10 ـ باب
## ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى سېغىنىش قوشاقلىرى

«ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنى سېغىنىش قوشاقلىرى» ـــ قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان، يارۇ دوستلىرىنى سېغىنىش كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۇرگەن، بۇددىزم جەمئىيىتىدىكى قېرىنداشلىق، مېھىر ـ شەپقەتنى ئىپادىلىگەن بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى زاماندىكى كۆيۈم ـ شەپقەت، مېھىر ـ ۋاپا ئۇچۇن نەمۇنە.

قارلار بۇلىت ئۆرلەپ كۆكۈرەپ،
قارمۇ ياغمۇر ئول ياغۇرۇر.
قارى ياشلىغ ئول ئانام،
قايغۇ تامو ياشىن ئاقىدۇر.

يەشمىسى:

(بۇلۇتلار كۆك ئىچىدە گۈپۈلدەپ،
قار ـ يامغۇرلارنى ياغدۇرىدۇ.
قاردەك ئاق چاچلىق ئانام،
غەم قىلىپ كۆز ياش ئاققۇزىدۇ.)

يازقى بۇلىت ياشلار كۆكۈرەر،
ياغمۇرلارمۇ ئول ياغىدۇر.
ياشى كىچىك ئالغانلىرىم
ياشلارىن مۇ ئاقىدۇ.①

يەشمىسى:

يازدا بۇلۇتتىن تامچىلاپ،
يامغۇرلار يېغىپ توختىمايدۇ.
سەبىي كىچىك بوغۇنلىرىم،
سېغىنىپ كۆز ياش قىلىدۇ.

① گېيك شىمىن تۈزگەن: «قەدىمكى تۇرپان قوشاقلىرى» دىن تاللاپ ئېلىندى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

## 11 ـ باب
## قەدىمكى مەرسىيە قوشاقلىرى

قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى مەرسىيە قوشاقلىرى دىنىي كۆز قاراش ۋە رېئال تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان ئاساستا دۇنياغا كەلگەن. بۇ قوشاقلار ئاساسەن بۇددا دىنى، مانى دىنى ئىدىيىلىرىنى ئىپادىلەپ، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىنكاس قىلغان. بۇ قوشاقلار ئاساسەن باش قاپىيىدە يېزىلغان، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى زاماندىكى مەرسىيەلەر ئۈچۈن يىلتىز، ئاساس بولغان. بۇ قوشاقلار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىياتى، ئۇيغۇر مەرسىيەلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن مۇساپىسى، مەز-مۇنى، شەكلى، قاپىيە، ۋەزنى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە كاتتا ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

نە ئادا ئەردى ئاتايىم،
كۆركىلەكە ئۇگۇكۇم.
ئۆلمەك ئەمگەك نەچۇكىن
ئۇگرە كەلىپ ئەتتۇردى.①

يەشمىسى:

(ئوغلۇم بۇ نېمە بالا!
چىرايلىققىنا قوزام.
نېمە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ زۇلۇمى،
ئالدى بىلەن ساڭا كەلدى؟!)

① گېڭ شىمىن تۈزگەن: «قەدىمكى تۈرپان قوشاقلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى.

# تۆتىنچى قىسىم
# قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى قوشاقلار

## 1 ـ باب
## ئەمگەك (ئوۋ) قوشاقلىرى

قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە تۇرلۇك ماۋزۇ، مەزمۇنلاردا ناھايىتى كۆپ قوشاقلار ئىجاد قىلىنغان.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئەڭ قەدىمكى شەكىل بولغان ئەمگەك قوشاقلىرىدىن باشلاپ، زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇگۇنكىدەك بىر قانچە تۇر ـ ژانىرلاردىكى قوشاقلارغا تەرەققىي قىلدى. ئەمگەك قوشاقلىرى (ئوۋچىلىق قوشاقلىرى) ئۆزىنىڭ قەدىمىيلىكى، تارىخىيلىقى بىلەن تارىخىي قوشاقلار كاتېگورىيىسىگە كىرىپ كەلدى.

ئەمگەك قوشاقلىرى تەركىبىدىكى ئوۋچىلىق قوشاقلىرىدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى داۋامىدا مەيدانغا كەلگەن پەزىلەت ۋە ياخشى خىسلەتلىرى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن. بۇ ئۇلگە خاراكتېرلىك قوشاقلار بىزنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق شاھانە ئەسەر دۇنياغا كېلىشتىن بىرقانچە دەۋر ئىلگىرىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى (فولكلور)نىڭ ئومۇمىي ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مول، ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

يىگىتلەرىگ ئىشلەتۇ،
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان، كەيىك ئاۋلاتۇ،
بەززەم قىلىپ ئاۋنالىم.

(يىگىتلەرنى ئىشلىتىپ،
مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئىرغاتتۇرۇپ،
قۇلان، كېيىك ئوۋلىتىپ،
بايرام قىلىپ ئاۋۇنايلى).

*　　*　　*

ئوزو بارىپ ئۆكۇش ئەۋدىم،
تەلىم يۇرۇپ كۇچى گەۋدىم.
ئاتىم بىرلە تەگۇ ئەۋدىم،
مەنى كۆرۇپ، يىنى ئاغدى.

(ئۇنى تۇتۇش ئۇچۇن كۆپ ئالدىرىدىم،
جىق ئاۋارە بولۇپ، كۇچىنى ئازايتتىم (ھالسىراتتىم)،

ئېتىم بىلەن يېتىشىۋېلىشقا ئازلا قالدىم،
مېنى كۆرۈپ تۇكلىرى ھۇرپەيدى.)

ئىتىم تۇتۇپ قوزى چالدى،
ئانىڭ توسىن قىدا يۇلدى.
باشىن ئالىپ قۇزى سالدى،
بوغۇز ئالىپ تۇگەل بوغدى.

(ئىتىم ئۇنى تۇتۇپ يەرگە باستى،
ئۇنىڭ تۇكلىرىنى يۇڭۇزلىدى.
بېشىنى تۆۋەن ئەگدى،
بوغۇزىدىن چىشلەپ بوغۇپ تاشلىدى.)

تاۋشۇن مىنىپ سەكرەتسۇن،
ئاسىزلىگىن ئامراتسۇن،
ئىتقا كەيىك قايتارسۇن،
يىتمىشى سانى ئومىنالىم.

(توسۇن ئارغىماقلارنى مىنىپ يۇگۇرتەيلى،
ئىتلارنى چاپتۇرۇپ، كېيىك تۇتقۇزايلى،
ئۇنىڭ سانىنى يەتمىشكە يەتكۈزۈشكە
بەل باغلايلى.)

چاغرى ئالىپ ئارقۇن مۇنۇپ ئارقا ياتىر،
ئاۋلار كەيىك تايغان ئىدىپ تىلكۇ تۇتار.

(قارچىغىسىنى قۇشلىتىپ،
ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ،
ئارقار قوغلايدۇ ۋە ئۇنىڭغا يېتىۋالىدۇ.
ئۇزۇن قۇلاق، ئىنچىكە بەل تايغىنى بىلەن
كېيىك ۋە تۈلكىلەرنىمۇ ئوۋلايدۇ.)

كاچە تۇرۇپ يۇرۇر ئەردىم،
قارا، قىزىل بۆرى كۆردۇم.
قاتىغ يانى قورا كۆردۇم،
قويا كۆرۈپ، باقۇ ئاغدى.

(كېچە قوپۇپ كېزىپ يۈرەتتىم،
قارا، قىزىل بۆرە كۆردۇم،

يانى قاتتىق بەتلىگەن ئىدىم،
قايرىلىپ مېنى كۆرۈپ قېلىپ، يۇقىرىغا ئۆرلىدى.)

چاغرى بېرىپ قىشلاتۇ،
تايغان ئېزىپ تىشلاتۇ.
تىلكۇ توڭغۇز تاشلاتۇ،
ئاردام بىلەن ئوكرەلىم.①

(ئوۋ قۇشى بېرىپ قۇش ئوۋلايلۇق،
ئوۋ ئىتىنى ئىزىدىن سېلىپ چىشلىتەيلۇق،
تۇلكە، توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرايلۇق،
ياخشى ئىشلىرىمىز بىلەن ماختىنايلۇق.)

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە، 225 ـ بەت.

## 2 ـ باب
## جەڭ قوشاقلىرى

جەڭ قوشاقلىرى ـــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە ئۆزىگە خاس مەزمۇن ۋە شەكىلگە ئىگە قوشاقلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ قەدىم زاماندىن باشلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك ئىزچىللىقى بىلەن تارىخىي قوشاقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

«جەڭ قوشاقلىرى»دا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇرۇش ـ جەڭگە ئاتلانغان پەيتتىكى كۆتۈرەڭگۈ روھى، جۇشقۇن ھالىتى، زېرەك ۋە ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان مەردانە قىياپەتلىرى ھەمدە دۈشمەن بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىدىغان غەلىبە ـ نۇسرەت ئىشەنچىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ قوشاقلار يالغۇز فولكلور ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى ھازىرقى زامان ھەربىي ئىلىم ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 1

ئۆپكەم كەلىپ ئوغرادىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەدىم،
ئالىپلار باشىن توغرادىم،
ئەمدى مەنى كىم تۇتار.

(قەھرىم كېلىپ ئېتىلدىم،
ئارسلاندەك ھۆركىرىدىم،
باتۇرلار بېشىن توغرىدىم،
ئەمدى مېنى كىم تۇتار؟)

كەلدى بەرو ئارتۇرۇ،
بەردى ئەلىن ئارتۇرۇ.
مۇندا قالىپ ئولتۇرۇ،
بۇگرى بولۇپ ئۇن پۇتەر.

(ھەددىدىن ئاشقان بىرى ھۆركىرەپ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن بىز تەرەپكە كەلدى.
ئۇ ئاخىرى ئېلىنى بىزگە ئۇستەك قىلىپ بەردى. ئەمدى بۇ يەردە ئۇنى پۇتۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ.)

ئالىپ ئەرەننى ئۇدۇلەردۇم،
بوينۇن ئانىڭ قازىردىم.
ئالتۇن ـ كۈمۈش يۇزوردۇم
سۇسى قالىن كىم ئۆتەر؟

(دۈشمەن قوشۇنلىرىنى پارچىلىۋەتتىم،
ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى قايرىدىم.
خەزىنىسىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى ئالدىم،
ئۇنىڭ شۇنچىلىك زىچ قوشۇنىدىن كىممۇ بۆسۈپ ئۆتەلەيتتى؟)

2

قۇرۇۋى چۇۋاچ قۇرۇلدى،
تۇغۇم تىكىپ ئۇرۇلدى،
سۈسى ئوتۇن ئۆرۈلدى،
قانچۇق قاچار ئەل تۇتار.

(خاننىڭ يىپەك چېدىرى تىكىلدى،
تۇغلار قادىلىپ، دۇمباقلار چېلىندى.
دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئوت ـ چۆپتەك ئورۇلدى،
ئەمدى ئۇلارنىڭ چوڭى مەندىن قانداق قېچىپ قۇتۇلار؟)

ئەرەن ئارىغ ئۇرپەشۇر
ئۆچىن كەكىن ئىرتەشۇر،
ساقال تۇتۇپ تارتاشۇر،
كۆكسى ئارا ئوت ئوتار.

(باتۇرلار بىر ـ بىرىگە غەزەپ بىلەن ھۆرپىيىشىپ ئۈچ ئېلىشقا ئاتلاندى. ئۇرۇش ـ جەڭ قىزىپ كېتىپ، ھەممەيلەننىڭ كۆكسى غەزەپ ئوتىغا تولغاچقا، بىر ـ بىرىنىڭ ساقاللىرىغا چاڭ سېلىشتى.)

3

كەلدى ماڭا تات،①
ئەيدىم ئەمدى يات.
قۇشقا بولۇپ ئەت،
سېنى تىلەر ئوس بەردى.

(ئالدىمغا بىر تات كەلدى، ئۇنىڭغا سەن ئەمدى بۇ يەردە يات، قۇشقا ئوزۇق بول، سېنى قۇماي بۆرىلەر كۈتۈۋاتىدۇ، دېدىم.)

كۆرۈپ نەچۇك قاچمادىڭ،
يامار سۈۋىن كەچمەدىڭ.

① تات ـــ غەيرىي قەبىلە ۋە قوۋملار.

تاۋارىڭنى ساچمادىڭ،
يىسۇن سېنى ئار بۆرى.

(مېنى كۆرۈش بىلەن نېمىشقا قاچمىدىڭ؟ يامار سۇيىنى نېمىشقا كەچمىدىڭ؟ نېمىشقا ماللىرىڭنى چاچمىدىڭ؟ ئەمدى سېنى چىلبۆرە يېسۇن!)

4

بەچكەم ئۇرۇپ ئاتلاقا،
ئۇيغۇر داقى تاتلاقا.
ئوغرى ياۋۇز ئىتلاقا،
قۇشلار كەبى ئۇچتىمىز.

(ئاتلارغا بەلگە تاقاپ، ئۇيغۇر يېرىدىكى تاتلارغا ــــ ئوغرى ۋە ياۋۇز ئىتلارغا قارشى خۇددى قۇشتەك ئۇچتۇق.)

قۇدروق قاتىغ تۇگدۇمىز،
تەڭرىگ ئۆكۈش ئۇگدەمىز.
كەمشىپ ئاتىغ تەگدىمىز،
ئالداپ يەنە قاچتىمىز.

(ئاتلارنىڭ قۇيرۇقلىرىنى قاتتىق تۇگدۇق، تەڭرىنى كۆپ ماختىدۇق، ئاتلارنى ئۇزەڭگۇ بىلەن تەپ-تۇق. دۇشمەننى ئالداپ كەينىمىزگە قاچتۇق.)

تۇنلە بىلە باستىمىز،
تەگمە ياڭاق بۇستىمىز.
كەسمەلەرىن كەستىمىز،
مىڭلاپ ئەرىن بىتچىتمىز① .

(كېچىسى بېسىپ باردۇق، ھەر تەرەپتىن يوشۇرۇنۇپ كىردۇق، ھەتتا ئاتلارنىڭ يايلىلىرىنى كەس-تۇق، مىڭلاپ ئادەملىرىنى بىتچىت قىلدۇق.)

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 ـ توم، 169 ـ بەت.

## 3 - باب
## پەسىل قوشاقلىرى

پەسىل - باھار - ياز قوشاقلىرى ـــ ئۇيغۇر خەلق تارىخىي قوشاقلىرى ئىچىدە تەبىئەتكە دائىر، پەسىل - مەۋسۇملارغا دائىر، تېرىقچىلىق، ئورۇم - يىغىم ئىشلىرىغا دائىر مەزمۇنلار بىلەن خاراكتېرلەنگەن قوشاقلاردۇر. ئۇ ئەمگەك (ئوۋچىلىق) قوشاقلىرى، جەڭ قوشاقلىرى، مۇھەببەت قوشاقلىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ قەدىم زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك ئىزچىللىقى بىلەن تارىخىي قوشاقلار كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ مول مەزمۇن، گۈزەل تىلى ئارقىلىق كىشىلەرنى تەبىئەتنى، يېشىللىقنى سۆيۈشكە دالالەت قىلىدۇ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، مۇھىتنى ئاسراشقا چاقىرىدۇ.

قار - مۇز قامۇغ ئەرۈشدى،
تاغلار سۇۋى ئاقىشدى.
كۆككشىن بۇلۇت ئۆرۈشدى،
قايغۇق بولۇپ ئەگرىشۇر.

(قار - مۇز تامام ئېرىشتى،
تاغلار سۈيى ئېقىشتى،
كۆكۈچ بۇلۇتلار ئۆرلەشتى،
قېيىق بولۇپ ئايلىنار.)

قاقلار قامۇغ كۆلەردى،
تاغلار باشى ئىلەردى،
ئازۇن تېنى يىلەردى
تۇرلى چەچەك كەشۇر.

(قاقاسلىقلار پۈتۈنلەي كۆلگە ئايلاندى،
تاغلارنىڭ بېشى كۆزگە ئىلىندى.
دۇنيانىڭ تىنىقى ئېلىندى،
تۈرلۈك چېچەكلەر تىزىلدى.)

يايى بارۇپان ئەرگۆزى،
ئاقتى ئاقىن مۇندۇزى،
تۇغدى يارۇق يۇلدۇزى،
تىڭلا سۆزۇم كۆلگۇسۇز.

(باھار كېتىش بىلەن ئەگىز سۇلار،
كەلكۈن ئېقىن بولۇپ ئاقتى.
يورۇق يۇلتۇز تۇغدى،
سۆزۈمنى كۆلمەستىن ئاڭلا.)

تۇرلۇك چەچەك يازىلدى،
بارچىن يازىم كەرىلدى.
ئۇچماق يەرى كۆرۈلدى،
تومىلۇق يەنە كەلگۈسىز.

(تۇرلۇك چېچەك ئېچىلدى،
گويا كىمخاب ـ سېلىنچا سېلىندى،
جەننەت يېرى كۆرۈلدى،
قىش ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.)

قىزىل، سارىغ ئارقاشىپ،
يىپكىن ياشىل يۇزكەشىپ.
بىر ـ بىرگەرۇ يۇرگەشىپ،
يالىڭۇق ئانى تاڭلاشۇر.

(قىزىل ـ سېرىق چېچەكلەر بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ،
يېشىل رەيهانلار كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ،
بىر ـ بىرىگە يۆگىشىپ تۇرماقتا.
ئىنسان ئۇنىڭغا تاڭ (هەيران) قالىدۇ.)

قىش ـ ياي بىلە توقۇشتى،
قىڭىر كۆزۈن باقىشتى،
تۇتۇشقالى ياقىشتى،
ئۇتقالىمات ئوغراشۇر.

(قىش بىلەن ياز توقۇنۇشتى،
قىڭغىر كۆزى بىلەن قاراشتى،
تۇتۇشقىلى يېقىنلاشتى،
بىر ـ بىرىنى ئۇتماقچى بولۇۋاتىدۇ.)

قىش يايغارۇ سۆزلەنۇر،
ئەر، ئات مەنىن ياۋرويۇر.
ئىگلەر يەنە ساۋرايۇر،
ئات يىن تاقى بەكرەشۇر.

(قىش يازغا قاراپ ۋارقىرىدى:
مەندە ئادەملەر، ئاتلارنىڭ بەدەنلىرى چىڭىيدۇ،
ئاغرىق ـ سىلاق يوقىلىدۇ، ئادەمنىڭ ۋە هايۋانلارنىڭ
مۇسكۇللىرى قېتىپ قۇۋۋەت تاپىدۇ.)

ياي قىش بىلە قارىشتى،
ئەردەم ياسىن قۇرىشتى.
چەرگ تۇتۇپ كۆرۈشتى،
ئوقتاغالى ئوترۇشۇر.

(ياز قىش بىلەن زىتلاشتى،
پەزىلەت ياسىنى كېرىپ، بەتلەپ،

قوشۇن تارتىپ كۆرەشتى،
ئوق ئېتىشقا ئىنتىلىشتى.)

سەندە قاچار سۈندىلاچ،
مەندە تىنار قارلىغاچ.
تاتلىق ئۆتەر سۈندۈۋاچ،
ئەركەك، تىشى ئۈچراشۇر.

(سەندىن قاچار سۈڭگۈلىگۈچ،
مەندە تىنار قارلىغاچ،
نەغمە قىلار بۇلبۇل قۇش،
ئەركەك ـ چىشى ئۇچرىشار.)

ئېتىل سۈۋى ئاقا تۇرۇر،
قايا تۇبى قاقا تۇرۇر،
بالىق تىلىم باقا تۇرۇر،
كۆلنىڭ ناقى كۇشەدۇر.

(ئېدىل دەرياسى سۈيى ئاقماقتا،
قىيا تاشلارغا چىڭ ئۇرۇلماقتا،
ئۇنىڭدىن پەيدا بولغان كۆلچەكلەردە،
كۆپلەپ بېلىق ۋە پاقىلار پەيدا بولماقتا.)

ياراتتى ياشىل جەش،
ساۋۇردى ئۇرۇڭقاش،
تىزىلدى قارا قۇش،
تۇن، كۇن ئۈزە پۇركەنۇر.①

(ئاسمان خۇددى زۇمرەتتەك گۈزەل يارىتىلدى،
ئۈستىگە يورۇڭقاش پارچىلىرى چېچىلدى،
قاراقۇش (توروزا) يۇلتۇزى تىزىلدى،
تۇن پەردىسى كۈن ئۈستىگە يېپىلدى.)

توغراق ئېلى باتۇر ئەل،
يېمىكىگە ئوغلاق يەر.
قىمىز تۇلۇمى تەييار،
يېرى گەرچە قاقاس يەر.②

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى نەشرى، 1 ـ توم.
② شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 223 ـ بەت.

## 4 ـ باب
## بايرام ۋە مۇراسىم قوشاقلىرى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بايرام ۋە مۇراسىم قوشاقلىرى قەدىمكى زاماندىن تارتىپ ئىجاد قىلىنىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. بۇ قوشاقلاردا قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ ھەر يىلى ئۆتكۈزىدىغان نورۇز بايراملىرى، قۇربان ھېيت، روزا ھېيتلىرى، تۈرلۈك مۇراسىم، تۇغ ـ بايراق چىقىرىش پائالىيەتلىرى ۋە بۇ قىزغىن پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدىكى خۇشاللىق كەيپىياتى، قىزغىن روھىي ھالىتى ئىپادىلەنگەن. ئەجدادلارنىڭ بىر دىل، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئۆم بولۇپ ياشاش ئىستىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
بۇ قوشاقلار بۈگۈنكى زاماندا تېخىمۇ زور ئىلمىي، تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، كىشىلەرنىڭ نۆۋەتتىكى ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ ئۈل تېشىدۇر.

كوگلەر قامۇغ تۇزۇلدى
ئۈرىق، ئىدىش تىزىلدى،
سەنسىز ئۇزۇم ئۈزىلدى،
كەلگىل ئامۇل ئوينالىم.

(ھەممە سازلار تەڭشەلدى،
ئۈرىق، قەدەھلەر تىزىلدى،
سەنسىز كۆڭلۈم يېرىم بولدى،
تېز كەل، تىنچقىنا ئوينايلى.)

ئۈرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ.
ساقىنچ قۇزى كىزلەيۇ،
تۈن، كۈن بىلە سەۋنەلىم.

(ئۈرىق بېشى غاز بويىنغا ئوخشاپ تۇرماقتا،
ساغىر تولۇپ كۆزگە ئوخشاپ تۇرماقتا،
قايغۇنى چوڭقۇر كۆمۈۋېتىپ،
كېچە ـ كۈندۈز سۆيۈنەيلى.)

ئوتتۇز ئىچىپ قىقرالىم.
يۇقار قوپۇپ سەكرەلىم.

ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،
قاچتى ساقىنچ سەۋنەلىم.①

(ئوتتۇز — «ئۈچ قېتىم ئۈچ»تىن ئىچىپ قىرقىرايلى،
يۇقىرى قوپۇپ سەكرەيلى،
ئارسلاندەك ھۆركىرەيلى،
قايغۇ قاچتى، سۆيۈنەيلى.)

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، (ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1960 ـ يىلى ئۆزـ بېكچە نەشرى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم.

## 5 ـ باب
## مۇھەببەت قوشاقلىرى

مۇھەببەت — ئۇيغۇر فولكلورىدىكى مەڭگۈلۈك تېما ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەببەت قوشاقلىرى — ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرى ئىچىدىكى مول مەزمۇن، گۈزەل ھېسسىيات، ئاممىباب تىل، چىرايلىق ئوبراز، يېنىك ۋەزىن شەكلىدە بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق جۇلالىنىپ تۇرىدىغان بىر تۈر — ژانىردۇر. ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە زامان ـ زاماندىن بۇيان مەڭگۈ ئۈزۈلمەس تېما سۈپىتىدە ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرىغا ھۆسن بېغىشلاپ، تارىخىي داۋاملىشىشچانلىقىنى ساقلاپ، مۇھەببەت ئەھلىدە ئۇنتۇلماس تارىخىي خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈپ، پۈتكۈل قوشاقلار خەزىنىسىنى بېيىتقان. شۇڭا، ئۇنىڭ تارىخىي، ئىلمىي ئىجتىمائىي قىممىتى چەكسىزدۇر. ئۇ يېقىنقى زامان مۇھەببەت قوشاقلىرىنىڭ سۈت ئانىسى، يىلتىزى بولۇشتەك ئۇدۇمچانلىققا ئىگە.

باردى كۆزۈم ياروقى،
ئالدى ئۆزۈم قونۇقى،
قالدى ئەرىنچ قانىقى،
ئەمدى ئودىن ئوزوغۇر.

(كۆزۈمنىڭ يورۇقى كەتتى،
ئۇ مېنىڭ جېنىمنى ئالدى،
ئۇ ئەمدى قەيەردە بولغاي؟
ئۇنىڭ پىراقى ئۇيقۇدىن ئويغىتار.)

ئاۋلاپ مەنى قويماڭىز،
ئايىق ئايىپ قايماڭىز،
ئاقۇر كۆزۈم ياش تەڭىز،
تەگرە يۇرە قۇش ئۇچار.

(كۆڭلۈمنى ئەسىر قىلىۋېلىپ تاشلاپ كەتمەڭ،
بەرگەن ۋەدە ـ سۆزىڭىزدىن يانماڭ،
كۆز ياشلىرىم دېڭىزدەك ئاقماقتا،
ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇشلار ئەگىپ يۈرۈشىدۇر.)

يۇكنۇپ ماڭا ئەملەدى،
كۆزۈم ياشىن ياملادى،
باغرىم ياشىن ئەملەدى،
ئەلكىن بولۇپ ئەل كۆچەر.

(ئېگىلىپ ماڭا ئىشارەت قىلدى،
شۇنىڭ بىلەن كۆز ياشلىرىمنى ئېرتتى.
باغرىم يارىسىنى داۋالىدى،
بىراق، ئۇ كۆچمەن بولۇپ كېتىپ قالدى.)

ئوزوك مېنىڭ كۇچىيۇر،
كۇن - تۇن يورۇپ يىغلايۇ،
كۆردى كۆزۇم تۇرىقىنى،
يۇرتى قالىپ ئاغلىيۇر.

(مېنىڭ ئىشقىم كۇچىيەر،
كېچە - كۇندۇز يىغلايمەن،
كۆزۇم كۆردى تۇرقىنى،
يۇرتى قېلىپ يىراقلاپ كەتتى.)

بولنار مەنى ئۇلاس كۆز،
قارا مەڭىز، قىزىل يۇز،
ئاندىن تامار تۇگەل يۇز،
بۇلناپ يانا ئول قاچار.

(ئەسىر قىلدى خۇمار كۆز،
قارا مەڭلىك، قىزىل يۇز،
ئۇنىڭدىن پۇتۇنلەي گۈزەللىك ياغار،
مېنى ئەسىر قىلدى - يۇ، ئۆزى قاچتى.)

يالۋىسىن ئانىڭ كۆزى،
ئەلكىن ئانىڭ ئۆزى
تولۇن ئايىن يۇزى،
يارى مەنىڭ يۇرەك.①

(ئۇنىڭ كۆزى جادۇ كۆز،
ئۇنىڭ ئۆزى مۇساپىر.
ئۇنىڭ يۇزى تولۇن ئاي،
ئۇ، مېنىڭ قەلبىمنى - يۇرىكىمنى ياردى.)

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 - توم.

## 6 ـ باب
## پەند ـ نەسىھەت قوشاقلىرى

پەند ـ نەسىھەت قوشاقلىرى ئۆزلىرىنىڭ دەۋر ئۇدۇمچانلىقى، داۋاملىشىشچانلىقى، ھېكمەتلەر جەۋھەرى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تارىخىي قوشاقلار كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ. بۇ قوشاقلاردا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنسانىي پەزىلەتلىرى، ئار ـ نومۇس قاراشلىرى، مەرد ـ مەردانىلىك، ئەدەپ ـ ھايالىق، كىشىلىك ئىززىتىگە ھۆرمەت قىلىش، ئادەمگەرچىلىككە ئوخشاش خىسلەتلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

قەدىمكى «پەند ـ نەسىھەت قوشاقلىرى» ـــ ئەجداد ھاياتىنىڭ يەكۈنى. ئۇ خەلقىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىغا، ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، زامانىۋى ئادەم بولۇشنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ نۆۋەتتە ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ئەخلاق ـ پەزىلەت تەربىيىسى، سەككىز شەرەپ، سەككىز نومۇس قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

قاردۇنى يىنجۇ سانىماڭ،
تۇزغۇنى مانجۇ سېزىنمەڭ،
بولمادۇق نەڭگە سەۋىنمەڭ،
بىلگەلەر ئانى يېرار.

(شۇرمەلنى ئۈنچە ـ مەرۋايىت سانىماڭ،
سوۋغاتنى ئىش ھەققى ھېسابلىماڭ.
بولمىغان نەرسىگە خۇشال بولماڭ،
دانالار ئۇنى رەت قىلىدۇ.)

ئىشت، ئاتا ـ ئاناڭىنىڭ ساۋلارىنى قادىرما،
نەڭقۇپ بولۇپ، كۈۋەرلىك قىلىنچ يانا قۇتۇرما.①

(ئاتا ـ ئاناڭىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلا، ئۇنى رەت قىلما،
مال ـ مۈلكۈڭ كۆپەيسە مەغرۇرلىنىپ، قۇتراپ كەتمە.)

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم.

## 7 ـ باب
## خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدىكى قوشاقلار

خوتۇن ـ قىزلار ھەققىدىكى قوشاقلار ئۇيغۇر تارىخىي قوشاقلىرىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى. ئۇ قەدىم زاماندىن تارتىپ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاياللارنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاسراش، ئاياللارنى ھۆرمەتلەشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ قوشاقلار قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئورنىنى، ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى كۆيۈم ـ شەپقەت، ۋاپادارلىقنى ئەكس ئەتتۇرگەن قوشاقلارنىڭ نەمۇنىسى سۈپىتىدە شۇ تارىخىي دەۋرنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئۇزىك مەنى قۇمىتتى،
ساقىنچ ماڭا يۇمۇتتى.
كۆڭلۈم ئاڭا ئەمىتتى،
يۈزۈم مېنىڭ سارغارۇر.

(سۆيگۈ مېنى ھاياجانغا سالدى
قايغۇ ماڭا توپلاندى.
كۆڭلۈم ئۇنىڭغا تەلپۈندى،
يۈزۈم مېنىڭ سارغىيار.)

يىغلاپ ئۇدۇ ئارتادىم،
باغرىم باشىن قارتادىم،
قاچمىش قۇتۇغ ئىرتەدىم،
ياغمۇر كۈنى قان ساچار①.

(يىغلاپ غەم ـ ئەلىمىم كۆپەيدى،
كۆز ياشتىن باغرىم مۇجۇلدى.
بۇ ئىشتىن قاچماقنى ئىستىسەمۇ،
لېكىن، يامغۇردەك قانلىرىم تۆكۈلدى.)

① مەھمۇد كاشغەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم.

ئوۋلار مېنى خۇمار كۆز،
قارا خاللىق قىزىل يۈز،
تامار ئاندىن تۇگەل يۈز
ئوۋلاپ يانا ئوۋ قاچار.①

(ئەسىر قىلدى خۇمار كۆز،
قارا مەڭلىك، قىزىل يۈز.
ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي گۈزەللىك ياغار،
مېنى ئەسىر قىلدى ـ يۇ، ئۆزى قاچتى.)

① شەرىپىدىن ئۆمەر: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981 ـ يىلى نەشرى، 224 ـ، 103 ـ بەتلەر.

# بەشىنچى قىسىم
# ياركەند خانلىقى دەۋرىدىكى قوشاقلار

## 1 ـ باب
## سەئىدخان نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى ياركەند (سەئىدىيە) خانلىقىنىڭ تۇنجى سۇلتانى، خانلىقنىڭ قۇرغۇچىسى، شائىر، مەرىپەتچى سەئىدخان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ يەتتىنچى ئەۋلادى. ئۇ تەخمىنەن مىلادىيە 1495 ـ يىللىرى دۇنياغا كەلگەن، 1535 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپ ئەينى دەۋردىكى نامدار ئالىم ـ ئەدىبلەرنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلغان، يەنە بىر تەرەپتىن، لەشكىرىي مەشىق ۋە چامباشچىلىق ماھارىتىنى بېرىلىپ ئۆگەنگەن. ئوردىدىكى جاپالىق مەشىقنى ئۇزۇن يىللار داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى شۇ دەۋرنىڭ مەشھۇر قىلىچۋازى، چەۋەنداز ـ مەرگەنى بولۇپ تونۇلغان. ئۇنىڭ تەڭداشسىز قابىلىيەت ـ ئىقتىدارى ئۇنى شۇ دەۋردىكى قابىل ھەربىي يولباشچى، قوماندانغا ئايلاندۇرغان.

سەئىدخاننىڭ ياشلىق دەۋرى ئەينى دەۋردىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ھوقۇق تالىشىش، تەخت تالىشىش ئۇچۇن قوزغىغان سۇيىقەستلىك جەڭگى ـ جېدەل، ماجىرالىرى ئىچىدە ئۆتكەن. ئوردىدىكى بۇ ئەھۋاللار ئۇنى چوڭقۇر ئويلاندۇرۇپ، ئىجابىي جەھەتتىن تەربىيە ئېلىشىغا، ياخشى ئادەم بولۇپ يېتىلىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ 1514 ـ يىلى 30 يېشىدا خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، ياركەند خانلىقىنى قۇرغاندىن كېيىن، جەمئىيەتكە پايدىلىق بولغان بىر قاتار قانۇن ـ نىزاملارنى يولغا قويۇپ، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇپ، ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملىگەن، ئىلىم ـ مەرىپەت، ھۈنەر ـ تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا، ئىقتىسادنىڭ گۈللىنىپ، خانلىقنىڭ روناق تېپىشىغا ئۆچمەس تۆھپە قوشقان.

سەئىدخان ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ياخشى كۆرىدىغان، پەن ـ مەدەنىيەتنى قوللايدىغان، ھىممەتلىك، سېخىي، شىجائەتلىك، خۇش تەبىئەت، ئادىل پادىشاھ بولغانلىقتىن، ئاۋامنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئۇ ھەتتا تۈركىي، پارس تىللىرىدا شېئىرلارنى يازالايدىغان تالانتلىق شائىر ئىدى. ئۇ مىلادىيە 1533 ـ يىلى تىبەتتىكى ئالىي رايونغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشتە ئىس تېگىش كېسىلىگە دۇچار بولۇپ، ياركەندتە ۋاپات بولغان ۋە ئالتۇنلۇق قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

سەئىدخان يازغان بۇ نەزمىلەر ئەينى دەۋرنىڭ تارىخىي، ئىقتىسادىي، پەن ـ مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ ئىشەنچلىك، ھۆججەتلىك رول ئوينايدۇ.

1

قايسى گۈلشەننىڭ يۈزۈڭدەك بىر گۈلى رەئناسى بار؟
قايسى گۈلنىڭ بىر مېنىڭدەك بۇلبۇلى شەيداسى بار؟

ھۆرۈ بىرلە جەننەتۇلمەئۋانى كۆڭلۈم نەيلەسۇن،
يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭ جەننەتۇلمەۋاسى بار؟

لەئىلمدىن خەتتى بىرۇر ھەردەم تىرىكلىكگە نىشان،
قوش نىشانەدۇركى ئىككى قاشىدىن توغراسى[1] بار.

بىر چۇچوك سۆز بىرلە ئۆلگەن جىسمىمە بەردىڭ ھايات،
لەئلى جان بەخشىڭدە گوياكىم مەسىھ ئەنفاسى بار.

يۈزى ئۆزرە كاكۇل ۋە زۇلفىن پەرىشان كۆرگەلى،
ئى سەئىدى، ئاشۇفتە كۆڭلۈمنىڭ ئەجەپ سەۋداسى بار.

يەشمىسى:

قايسى گۇلشەننىڭ يۈزۈڭدەك رەنا گۇلى بار؟
قايسى گۇلنىڭ ماڭا ئوخشاش شەيدا بۇلبۇلى بار؟

يارنىڭ كويىدا يۈز مىڭلاپ جەننەتۇلمەۋا[2] تۇرغان يەردە،
مەن جەننەت ۋە ھۆر - پەرىلەرنى نېمە قىلاي؟

لەۋلىرى ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشتىن بەلگە بېرىدۇ،
سىزىپ قويغاندەك ئىككى قېشى توغرىسىغا تۇرغان چىرايلىق نىشانەدۇر.

تاتلىق بىر سۆز بىلەن ئۆلۈك تېنىمگە جان بەردىڭ،
لەۋلىرىڭنىڭ جان بېغىشلىشىدا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نەپىسى بار.

يۈزىنى كوكۇلا چاچلىرى يېپىلىپ چۇشۇپ تۇرغان ھالدا كۆرۈش ئۇچۇن،
ئەي سەئىدى، پەرىشان كۆڭلۈم ئەجەب بىر سەۋداغا قالدى.

## 2

شۈكۈرىللا ھالەتىم زاھىر بولۇپتۇ يارىغە،
ئەمدى يار ئالدىدا ئۆزنى كۆرسۇتەي ئەغيارىغە.

سەير ئۇچۇن كىرسە گۇلىستان ئىچرە ئول سەرۋى راۋان،
بەندە بولسۇن سەرۋىئازات ئول قەدۇ رەفتارىغە.

نازئىلە ئاتلانىپ شەھەر ئىچرە سالدى راستۇخىز،
جان بىلە بەردىم كۆڭۈل ئول دىلبەرى ئەييارىغە.

دوستلار ئەيىپ ئەتمەڭىز، قان يىغلىسام مەن زارىنى،
بەس كىلە ئالمام نىتەي بۇ دىدەئى خۇنبارىغە.

---

① توغرا — سىزىلغان سىزىق، سىزىپ قويغاندەك قاش.
② جەننەتۇلمەۋا — رىۋايەتلەردىكى سەككىز جەننەتتىن بىرىنىڭ نامى.

ئى سەئىدى، ئۇل ياردىن تاپتىڭ مۇرادىڭنى تامام،
بارچەسى بولدى مۇيەسسەر شۇكۇر بىرۇ بارىغە.①

يەشمىسى:

خۇداغا شۇكۇر، ئەھۋالىم يارغا مەلۇم بولۇپتۇ،
ئەمدى يار ئالدىدا ياتلارغا ئۆزۈمنى كۆرسىتەي.

ئۇ سەرۋى بويلۇق يار سەيلە ئۈچۈن گۈلىستانغا كىرسە،
سەرۋىمۇ ئۇنىڭ قامەت ۋە مىڭىشلىرىغا قۇل بولسۇن.

ناز بىلەن ئاتلىنىپ چىقىپ، پۈتۈن شەھەرگە غوۋغا سالدى،
مەن جانۇ كۆڭلۈمنى ئاشۇ ئەييار دىلبەرگە بېرىۋەتتىم.

دوستلار، قان يىغلىسام، مەن بىچارىنى ئەيىب قىلماڭلار،
قانداق قىلاي، بۇ قان بولغان كۆڭۈلنى ھەرگىز باسالمىدىم.

ئەي سەئىد، ئۇل ياردىن يەنە مۇرادىڭ ھاسىل بولدى،
خۇداغا شۇكۇر، ھەممە مەقسەتلىرىڭ ھەل بولدى.

① «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى، ئۇيغۇرچە نەشرى.

## 2 ـ باب

# ئابدۇرەشىدخان نەزمىلىرىدىن ئۈرنەكلەر

ياركەند خانلىقىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد خاقانى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، مەرىپەتپەرۋەر شائىر، ھەربىي قوماندان ئابدۇرەشىدخان مىلادىيە 1509 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1570 ـ يىلى 61 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئۇنىڭ جەسىتى ياركەندتىكى «ئالتۇنلۇق» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. ئۇ قاراخانىيلار سۇلالىسىدىن كېيىندىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىنى، خانلىقنىڭ بىرلىكى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى، پۇقرالارنىڭ تىنچ ـ ئىناق تۇرمۇشىنى تەڭداشسىز شەرت ـ شارائىت ۋە مۇقىملىق بىلەن كاپالەتلەندۈرگەن بىر ئۇلۇغ زات. ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپلا ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئەتراپلىق تەربىيىلەنگەن. ئۇ دادىسى سەئىدخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ سەئىدىيە خانلىقىنىڭ بىرلىكى ۋە قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشقان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى خانلىق تەۋەسىدىكى بارلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى، قابىلىيەتلىك ئالىم، ئەدىب، مۇزىكانتلارنى، خەتتات، مۇقامشۇناسلارنى، سەنئەتكارلارنى، ھۈنەر ـ كەسىپ ئەھلىنى ئوردىغا توپلاپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنى، ئۇيغۇر مەتبەئە ـ نەشرىياتچىلىقىنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشكە چاقىرىق قىلغان ۋە ئۇلارنى ئەڭ ياخشى شەرت ـ شارائىت بىلەن تەمىنلەپ، ئەمەلىي ئىش قىلغان مەرىپەتپەرۋەر سۇلتان ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى، ئون ئىككى مۇقامنى جېنىدىن ئارتۇق كۆرىدىغان، چىرايلىق ھۆسنخەت يازالايدىغان، پارس ۋە تۈركىي تىلدىكى شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشتا كامالەتكە يەتكەن شائىر ئىدى. ئۇ ئىجادىي ھاياتىدا «دىۋان رەشىدى»، «غەزەلىياتى رەشىدى»، «سەلاتىننامە» قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ يەنە ئۇيغۇر بىناكارلىقى ۋە گۈزەل سەنئەت، نەققاشچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەتلەرنى يارىتىپ بېرىپ، خانلىق تەۋەسىدىكى كاتتا ـ كاتتا ئىمارەت ـ قۇرۇلۇشلارنى سالدۇرغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنى تۇمەن بويىدىن ھازىرقى ئورۇنغا كۆچۈرۈپ، ساقلاشتا ئۆچمەس تۆھپە قوشقانىدى. ئۇنىڭ ھەققىدە ئىجاد بولغان نەزمىلەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە زور بالايىئاپەتلەرگە ئۇچرىغان. بۇ نەزمىلەر پەقەت تارىختا قالدۇرۇلغانلارنىڭ بىر قىسمى بولۇشى مۇمكىن.①

مىلادىيە 1533 ـ يىلى سەئىدخان تىبەتكە قىلغان بىر قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشتە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى. ئورنىغا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى بولغان ئابدۇرەشىدخان تەختكە ئولتۇردى. ئابدۇرەشىدخان شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغاندا، پۈتكۈل خانىدانلىق تەنتەنە قىلىپ، بۇ شېئىر ـ قوشاقلارنى ئېيتقانىدى:

ساقى، مەيى فەرەھ بەخش
تۆكىم باھار كەلدى.
ئىشرەت زامانى يەتدى،
ئولى گۈلئۈزار كەلدى.

① سەئىدخاننىڭ بۇ ئىككى پارچە شېئىرى غەزەل شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، ھەر ئىككى مىسرانى بىر كۇپلېت قىلىپ قوشاق ئۇسلۇبىدا يېزىشقا، ئوقۇشقا بولىدۇ. ئۇ مەلۇم دەرىجىدە قوشاق خاراكتېرىگە ئىگە. بۇ ئىككى پارچە ئەسەر مەھمۇد جوراسنىڭ «تارىخى رەشىدى (زەيلى)»دە خاتىرىلەنگەن.

يەشمىسى:

ئەي ساقىي، خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى شاراب تۇت،
چۈنكى، باھار كەلدى.
ئۇل گۇل يۈزلۈك كېلىش بىلەن،
شادلىق چاغلىرى يېتىپ كەلدى.

ئەيدۇ باھار ئەييامىدۇر،
ساقى، لەبا ـ لەب جام تۇت.
ئەيشۇ تەرەپ دەۋرانىدۇر،
جامى مەيى گۇلخام تۇت.①

يەشمىسى:

ئەي ساقىي، بۇ باھار كۈنلىرىدىكى ھېيت ـ بايرامدۇر،
لىقمۇلىق تولدۇرۇلغان قەدەھ تۇت.
بۇ پەيت راھەت ـ پاراغەت دەۋرىدۇر،
گۇل رەڭلىك تولدۇرۇلغان جام تۇت.

دەۋران ئەيشۇ ئىشرەت
بەش كۈن ئىرۇر غەنىيمەت.
چۈن چەرخى بى مۇرۇۋۋەت،
ناپايدار كەلدى.

يەتكۈز غۇسسەگەردۇن،
چەك بادە بولما مەھزۇن،
تەسكىن غەمگە گۇلگۇن،
مەيى سازاۋەر كەلدى.②

يەشمىسى:

دەۋرنىڭ ئەيش ـ ئىشرىتى پەقەت بەش كۈنلۈكلا غەنىيمەت،
چۈنكى، بۇ مۇرۇۋۋەتسىز، ئايىغى ياراشمايدىغان زاماندۇر.
زامان غەم ـ غۇسسە كەلتۈرسە ساڭا، مالال بولما، شاراب ئىچ،
غەم ـ قايغۇنى پەسەيتىش ئۈچۈن، گۇل رەڭلىك مەي كەلتۈر.

يېڭىدىن تەختكە ئولتۇرغان ئابدۇرەشىدخان ئەلگە ئاسايىشلىق، پۇقرالارغا سائادەتلىك تىلەپ، پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان ـ ياساقلارنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى پەرمانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش مۇددىئاسى بىلەن ئوۋغا چىقتى ۋە شىكار جەريانىدا مەھمۇد ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە كىـ ـرىپ، ئۇنىڭ بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى. ئامانىساخان شاھنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، قوزۇقتا ئىـ ـ

① مەھمۇد جۇراسنىڭ «تارىخى رەشىدى (زەيلى)»دە خاتىرىلەنگەن.
② سەيپىدىن ئەزىزى: «ئامانىساخان» دراما توپلىمى، مىللەتلەر نەشرىياتى.

سىقلىق ساتارنى ئېلىپ تۇزەپ، ئابدۇرەشىدخانغا «پەنجىگاھ» مۇقامىنى چېلىپ بېرىش ئالدىدا مۇنداق بىر كۇپلېت قوشاق قوشقانىدى:

بىزنىڭ يۇرتىمىز،
بىر چەترەك ماكان.
بىلگىنىمىز ئاز،
بىز ھەم ناتىۋان.

*　　*　　*

ئابدۇرەشىدخان مەھمۇد ئوتتۇنچىنىڭ قىزى ئامانىنساخانغا مەھلىيا بولغاندا، ئامانىنساخاننىڭ ئابدۇرەشىدخان ئالدىدا ئېيتقان غەزەل ــ مۇقامى:

كىشى كەلدىلەر جاھانغا،
كۆردى تەڭسىزلىك بالاسىنى.
خۇداۋەندە قوبۇل قىلغىن،
پەقىرلار ئىلتىجاسىنى.

ئادالەت بىلەن دۇنيادا،
ھۆكۈم سۇرسە ئۇلۇغ خىسلەت،
شۇڭا، ئەل باشپاناھ دەرلەر،
دىيارىم پادىشاھىنى.

ئۇلۇغ ئابدۇرەشىد شاھنىڭ،
مۇبارەك نامى مەشھۇردۇر.
ئادالەت تەختىدە ئاڭلاركەن،
ئەلنىڭ چىن ساداسىنى.

چىمەندە گۇل ئېچىلغاندا،
قىلۇر بۇلبۇل نېچۇك تاقەت؟
شۇ چاغ بۇلبۇل تۇرالامدۇ؟
جاراڭلاتماي ناۋاسىنى.

ھەقىقەت ھەم ئادالەتنىڭ،
ئۇلۇغ سەردارىنى يادلاپ،
نەفسە چالدى شۇكرانە،
قىلىپ بۇ پەنجىگاھ سېنى.①

---

① ئامانىنساخان: «ئىشرەت ئەنگىز» ناملىق مۇقام.

## 3 ـ باب
## ئامانىنساخان نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

خانىش ئامانىنساخان 16 ـ ئەسىردە، ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر مۇقامشۇناس، شائـ ـ
ىرە ۋە جامائەت ئەربابىدۇر. ئۇ 1533 ـ يىلى تەكلىماكان بويىدىكى دولان يۇرتىنىڭ تىزناپ دەرياسى بويـ ـ
ىدىكى شاھ تاتا يېزىسىدا كەمبەغەل ئوتۇنچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدىنلا شېئىرىيەتكە، ھۆسنخەت
ۋە تەمبۇر چېلىشقا ھەۋەس قىلغان. دولان مەشرەپلىرى ۋە دولان ئەلنەغمىلىرىگە قىزغىن ئىشتىياق باغـ ـ
لىغان، «نەفىسە» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر ـ غەزەل يېزىشنى باشلىغان. ئۇ ئۆمرىنىڭ كېيىنكى 20 يىـ ـ
لىنى ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ھەرىمىدە ئۆتكۈزگەن. ئۇ ئوردا ھاياتىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئۆگـ ـ
ىنىپ، ئىلىم تەھسىل قىلغان، بۇۋىزۆھرە، مەرەمنىسا قاتارلىقلارنىڭ ياردەمچىلىكىدە ئون ئىككى مۇقامنى
رەتلەش، قېزىش، سەھنىگە ئېلىپ چىقىش، كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپ، تـ ـ
ىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، ئابدۇرەشىدخانىنىڭ كۈچلۈك ياردەمچىسىگە ئايلانغان. ئۇ ئەل ئارىسىدىكى يۈسۈپ
قىدىرخان قاتارلىق ئاتاقلىق مۇزىكانت، مۇقامچى، داستانچى، فولكلور تەتقىقاتچىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ
ئوردىغا ئەكىلىپ، ئون ئىككى مۇقامنى تولۇقلاش، رەتلەشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا تۇتۇش قىلغان. ئۇ ـ
نىڭ شەخسەن يېتەكچىلىكىدە، ئۇيغۇر مۇقاملىرى ئەينى دەۋردىكى دىنىي تەسەۋۋۇپتىن زور دەرىجىدە ئازاد
قىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە قايتىدىن رەتكە سېلىنغان. مۇقام تېكىستلىـ ـ
رى ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك مەزمۇنلىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئۇيغۇر ـ تۈرك
شېئىرىيىتى بىلەن تېكىستلەشتۈرۈلگەن. خانىش ئامانىنساخان يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «ئەخلاقىي جەمىلە»
(گۈزەل ئەخلاق)، «شۇروھول قۇلۇپ» (قەلبلەر ھېكمىتى) قاتارلىق دىۋان ـ كىتابلارنى يازغان ۋە «ئىشرەت
ئەڭگىز» (خۇشاللىق بېغىشلىغۇچى) نامىلىق مۇقام ئىجاد قىلىپ، ئاۋام مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل مىراسلىرىنى
بېيىتقان. ئۇنىڭ ئەينى دەۋردىكى فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ھەر خىل ئەمرىمىرۇپ، توساقلىرىدىن
بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىر دەۋرنىڭ بۈيۈك ئەربابى سۈپىتىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت تەرەققىياتى ئۈ ـ
چۈن قوشقان بۇ تۆھپىسى خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ساقلىنىدۇ. ئۇ 1567 ـ يىلى 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بولغان.

1

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە، ئابدۇرەشىدخان ئوردىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرا، ئەمىر ـ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ
تارىم دەرياسىنى بويلاپ، تەكلىماكان دەشتىگە شىكارغا ئاتلاندى. ئۇ مەھمۇد ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىدە تەمبۇر
چېلىپ ئولتۇرغان ئامانىنساخاننى كۆرۈپ، قىزنىڭ مۇھەببىتىدە كۆيۈپ پىشتى. ئامانىنساخان ئابدۇرە ـ
شىدخانغا قاراپ مۇنداق شېئىر ـ قوشاق توقۇغانىدى:

ساڭا يۈز شۈكۈر يارەب، بىزگە ئادىل پادىشاھ قىلدىڭ،
فەقىر ـ مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخاننى پاناھ قىلدىڭ.

يەشمىسى:

خۇدا ساڭا يۈز شۈكۈر، بىزگە ئادىل پادشاھ بەردىڭ،
پېقىر - مىسكىنگە ئابدۇرەشىدخاننى پاناھ قىلدىڭ.

*　　　*　　　*

نەفىسە، كېچە - كۈندۈز دۇئا قىل تەڭرى تەقدىسىقە،
كى شاھىڭ ھەققىدە قىلماي دۇئا، قاتتىق گۇناھ قىلدىڭ.

يەشمىسى:

ئەي نەفىسى، ئۇلۇغ تەڭرىگە كېچە - كۈندۈز دۇئا قىلغىن،
ئەگەر شاھ ھەققىدە دۇئا قىلمىساڭ، قاتتىق گۇناھ قىلغان بولىسەن.

*　　　*　　　*

ئابدۇرەشىدخان ئامانىسساخانغا قاراپ: «قېنى، ئەمىسە، مەن قاراپ تۇراي، بىر شېئىر يېزىپ بېقىڭ» دەيدۇ، ئامانىسساخان دۇۋەت، قەلەم، قەغەز ئەكېلىپ مۇنداق بىر بېيىتنى يازغاندى:

يارەب، بۇ بەندە قىلدى ئەجەپ سۇئىزەن مەڭا،
گويا بۇ ئۆيگە ئۇندى بۇ ئاخشام تىكەن مەڭا.

يەشمىسى:

خۇدا بۇ بەندە ماڭا تولىمۇ گۇمانلىق كۆزدە قارىدى،
گويا بۇ ئۆيدە بۇگۈن ئاخشام مەن ئۈچۈن بىر تىكەن ئۈندى.

ئابدۇرەشىدخان ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن 40 كىشىنى سوۋغا - سالاملار بىلەن مەھمۇد ئوتۇنچىنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ، مەقسەتنى بايان قىلىپ، توي قىلىپ ئامانىسساخاننى ئۆز ئەمرىگە ئالغاندى.①

## 2

كېيىنكى تارىخىي مەزگىللەردە ئاۋام خەلقنىڭ ئامانىسساخان ھەققىدە ئېيتقان غەزەل - نەزمىلىرىدىن پارچە:

ئامانىسساخان چېھرىڭىز،
ھىلال ئاينى لال قىلدى.
پاكىز ئەقىل - زېھنىڭىز،
مۇقامنى دىلغا يار قىلدى.

① موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 - يىلى نەشرى.

ساتارغا باب سېلىنغاچ،
جان رىشتىڭىز تارىسى.
ياڭراپ ئۇندىن ناۋالار،
كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلدى.

چېلىنغاندا مۇقاملار،
مەرغۇل بىلەن قوشۇلۇپ،
ھەيران قىلىپ بۇلبۇلنى،
بىھوش ھەم بىناۋا قىلدى.

چىن پەزىلەت، روھىڭىز،
شول يېقىملىق كۈيىڭىز،
مەرىپەتنىڭ شاھىغا،
سىزنى دىلرابا قىلدى.

ئۇنتۇلمايدۇ تۆھپىڭىز،
ئەلگە بەرگەن ئەھدىڭىز،
مۇقام ـ ئۇيغۇر ئەھلىگە،
تاغدەك شۆھرەت ئاتا قىلدى.①

① سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1992 ـ يىلى.

## 4 - باب
## ئايازبەگ قوشچى نەزمىلىرىدىن ئۆرنەكلەر

ئايازبەگ قوشچى — 16 - ئەسىردە ياركەند خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر شائىر، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى. ئۇ سەئىدخاننىڭ ياشلىق مەزگىلىدىكى ئەڭ يېقىن ئۆتكەن كىشىلىرىدىن بولۇپ، خاندانلىقنىڭ كاتىبات، ھەربىي ۋە مەمۇرىي ئاپپاراتلىرىدا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. سەئىدخانغا ھەمراھ بولۇپ، نۇرغۇن ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتناشقان. دىپلوماتىيە ئىشلىرىنى شەخسەن ئۆزى بىر تەرەپ قىلغان. ئۇ شائىر، ھەربىي سەركەردە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا خەلق ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن قابىلىيەتلىك جامائەت ئەربابى بولۇپ تونۇلغان. ئۇ ھاياتىدا ئەدەبىياتقا ناھايىتى قىزىقىپ، پىكرى تىرەن، بەدىئىيلىكى يۇقىرى بولغان بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، بىراق، بۈگۈنكى كۈنگە يېتىپ كەلگەنلىرى ئىنتايىن ئاز. ئۇنىڭ «مەھمۇدنامە»، «جاھاننەما» ناملىق زور ھەجىملىك ئىككى داستانىلا جامائەتكە تونۇشلۇق. بۇ يەردە ئۇنىڭدىن بىر قىسىم نەمۇنىلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئاياغىمنى باغلاپ تۇرۇپ تىغى تىز،
قويۇپ ھەلقەمە بولۇپ، خۇنابەرىز.

تىرەمنى سويۇپ پارە - پارە قىلىپ،
كانارىدە ھەر پارىسى سانجىلىپ.

ئالىپ باردى ھەر كىشى بىر پارەنى،
قىلىپ تۆھمە ئول پارە بىچارىنى.

ياغىمنى قىلىپ جەمئى بىرشەمئىرىز،
ئالىپ ساتقۇن ئىلتىپ قىلىپ رىز - رىز.

قويۇپ شەمئى قىلىپ، دەستە - دەستە ئاسىپ،
دۇكان ئۆزرە قويدى ئول ئېردى نەسىپ.

(«جاھاننەما» داستانىدىن)

يەشمىسى:

ئايىغىمنى باغلاپ تۇرۇپ،
ئىتتىك پىچاقنى بوغۇزۇمغا قويۇپ،
قېنىمنى تۆكتى.
تېرەمنى سويۇپ، گۆشۈمنى پارە - پارە قىلىپ،
كانارىغا سانجىپ ئاستى.
كىشىلەر بىرەر پارچىدىن ئېلىشتى،
ۋە ئۇ بىچارە پارچىنى ئوزۇق قىلىشتى.

يىغمىنى بىر شامچى سېتىۋېلىپ،
ئايرىپ ئېرىتتى.
شام قىلىپ قۇيۇپ،
دەستە ـ دەستە قىلىپ
دۇكانغا ئاستى.
مانا بۇ ماڭا نېسىپ بولغانىكەن.)

* * *

ئايازا ئەجەپ غەپلەت ئېرمەسمۇ بۇ،
كى سەن خاھى بىدار خاھى ئۇيۇ.

سەمەند ھاياتىڭ ئەزىمەتتەدۇر،
نىكەم ھاسىلى نەقدىڭ ئول ئاتتەدۇر،

بارۇ ـ تىنمايۇ نېچە مەنزىل قالۇر،
ئۆتەرسەنۇ غەپلەتتە ھاسىل قالۇر.

نەۋاقتۇ نەسائەتكى سەندىن بۇگۇن،
ئۆتەر ئۆمۈر ئېرۇر ئول ئەمەستۇر ئۆكۈن.

يوق ئېرسە ئۇ شول ۋاقىت سائەت تۇرۇر،
كىم ئايۇ، يىلۇ ھەر كۈنۈ تۈن يورۇر.

ئۆتەردىڭ كۆرۈنەر ساڭا ئول، ۋەلى —
يۈرۈرلەر جاھاندىن سېنى سورغالى.

(«جاھاننەما» داستانىدىن)

يەشمىسى:

(ئەي ئاياز، سەن خاھى ئويغاق، خاھى ئۇيقۇدا بول،
بۇ شۇنداق ئاجايىپ غەپلەتكى:
ھاياتىڭ تۇلپارى چېپىپ تۇرىدۇ،
سېنىڭ جان ھاسىلىڭ ئول ئاتنىڭ ئۈستىدە.
ئۇ قانچىلىغان مەنزىللەرنى قالدۇرۇپ يۈرۈپ تۇرىدۇ،
سەن غەپلەتتە ئۆتسەن ـ دە، ھەممە نەرسە قالىدۇ.
ئۆتۈۋاتقىنى ۋاقىت،
سائەت، كۈن ئەمەس،
ئۇ كېتىۋاتقان ئۆمۈردۇر.
ئەگەر ئۇنى ۋاقىت، سائەت دېسەڭمۇ،
يەنىلا ئايلار، يىللار

كىچە ـ كۈندۈز يۈرۈپ تۇرىدۇ.
ئۇ ساڭا ئۆتۈۋاتقاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن،
سىنى دۇنيادىن
ئېلىپ كېتىشنىڭ قەستىدە يۈرىدۇ.)

*　　　　*　　　　*

ئولۇس ياخشى خۇلقۇڭدىن ئولسۇن خۇشان،
نىكەم پىتنىدىن مۇلكۇڭ ئولسۇن ئامان.

ئولۇس كۆڭلىكىم شاھدىن جەمئى ئېرۇر،
نە مەقسۇدكىم بولسا تەڭرى بېرۇر.

دىل ئازارىلىق پىشەسى شۇمدۇر،
نە بولغاي دىل ئازارى مەلۇمدۇر.

بولۇپ رەھىمدىل خەلق ئىچىدە شات قىل،
دۇئادا بىرەر تەبىز ھەم يات قىل.

(«جاھانىنەما» داستانىدىن)

يەشمىسى:

(خەلق ياخشى خۇلقۇڭدىن خۇشال بولسۇن،
مەملىكىتىڭ توپىلاڭلاردىن ئامان بولسۇن.
پادىشاھ خەلقنى خاتىرجەم قىلسا،
ئاللا ئۇنى ھەرقانداق مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ.
دىل ئازارىلىق يولى شۇملۇقنى كەلتۈرىدۇ.
رەھىمدىل بولۇپ خەلقنى خۇشال قىل،
بىزنىمۇ دۇئا بىلەن ئانچە ـ مۇنچە يادلاپ قوي!)①

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

## 5 ـ باب
## مىرزا ئابابەكرى ھەققىدىكى نەزمىلەردىن ئۆرنەكلەر

مىرزا ئابابەكرى ـــ 1467 ـ يىلى قەشقەرنى بېسىۋېلىپ، موغۇلىستاننى پارچىلاپ، ئۆزىنى «خان» دەپ جاكارلىغان بىر زالىم ھۆكۈمدار. ئۇ قارا كۆڭۈل، گۇمانخور، زالىم ئادەم بولغاچقا، قول ئاستىدىكى چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلاردىن تارتىپ، يېزا ـ قىشلاقلاردىكى ئاددىي پۇقرالارغىچە ھەممىسى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ ئۆزىنى قاچۇرغان، ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان مەزگىللەردە ئاجىزلارنى بوزەك قىلىپ، خەلقنى ئۆچلەشتۈرۈپ، ئالىم ـ ئەدىبلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، جازالاپ، كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە قالغان. ئۇ يەنە زالىملىقتا ھەددىدىن ئېشىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ شەھەردىن ئۇ شەھەرگە بېرىشىنى مەنئى قىلىپ پەرمان چۈشۈرگەن. كەڭ ئاۋام ئۇنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرگەندە، ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى 3000 دىن كۆپ ئادەمنىڭ پۇتلىرىنى تىزىدىن چورت كېسىپ تاشلىغان. نۇرغۇن ئاۋام پۇقرالار ئۇنىڭ زۇلۇمى دەستىدىن ناھەق ئۆلۈپ كەتكەن. ئاۋام خەلققە يۈرگۈزگەن بۇ ۋەھشىيانە ھەرىكەت ۋە زۇلۇم قىلمىشلىرى تۈپەيلى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاجىزلاپ، ھالاكەتكە يۈز تۇتقان. زۇلۇمدىن جاق تويغان ئاۋام خەلق سەئىدخانغا ماسلىشىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، سەئىدخانغا بەيئەت قىلغان. نەتىجىدە، مىلادىيە 1514 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ياركەند خانلىقى دۇنياغا كەلگەن.

مىرزا ئابابەكرى ھەققىدىكى نەزمىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى خەلق غەزىپىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە تارىختىن ئورۇن ئالغان.① بۇ نەزمىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەت ئەھۋالىنى بىلىشىمىزگە قارىتا مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئابابەكرى ئەردى كاشغەر ھاكىمى،
كى يوق ئېردى رۇستەمدىن ئانىڭ كەمى.

ئانىڭ ئىلكىدىكى ئەل ـ ئۇلۇس تەمام،
تاپىپ ئېردى بەندو ـ بالادا مەقام.

ئۆلۈپ بەندى زىنداندا ئۆلگەنلىرى،
قازىق بىرلە دەرماندە قالغانلىرى.

تۇتۇپ بەزىلەرنىڭ قولاغىنى كېسىپ،
قولاغۇ ئىلكۇ ئاياغىنى كېسىپ.

يەنە بەزىلەرنى تۇتۇپ ئاختىلاپ①.
..............................

① بۇ پارچە ياركەند خانلىقىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى ئايازبەگ قوشچىنىڭ «جاھاننەما» ناملىق داستانىدىن تاللاپ ئېلىندى.